دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر — 2

# داڭدار پەيلاسوپ

# نىچشې



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر — 2

مەشھۇر دىپلومات — كىسسىنگېر 8 يۈەن
ئەدەبىيات پېشۋاسى — ھېمىڭۋاي 8 يۈەن
داڭدار پەيلاسوپ — نىچشې 8 يۈەن
ئەنگلىيىنىڭ پەخرى — چېرچىل 8 يۈەن
فرانسىيىنىڭ غۇرۇرى — دې گول 8 يۈەن
گېزىتچىلىك خاقانى — پۇلىتسېر 8 يۈەن
ئىگىلىك باشقۇرۇش پىرى — ياكوكا 8 يۈەن
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى — گورباچيوف 8 يۈەن
ھىندىستانلىقلارنىڭ داھىيسى — گەندى 8 يۈەن
تالانتلىق ئالەم مۇتەخەسسىسى — فون بلاۋئېر 8 يۈەن

ISBN 978-7-228-05586-9
9 787228 055869 >
定价 ： 80.00 元

دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

# داڭدار پەيلاسوپ

# نىچشې

ئاپتورى : بەي لىپىڭ

تەرجىمە قىلغۇچى : مەمتىمىن تۇرسۇن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

超越毁灭——尼采：维吾尔文/白力平编著；买买提明·吐尔逊译.—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2000.3 （2009.4 重印）
（世纪人物传记故事丛书·第2集/刘俊峰主编）
ISBN 978-7-228-05586-9

Ⅰ.超… Ⅱ.①白… ②买… Ⅲ.尼… 生平事迹-维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I25

中国版本图书馆 CIP 数据核字(1999)第76826号

责任编辑 艾克巴尔·艾力
责任校对 赛娜瓦尔、扎米拉
特约校对 阿依古丽·亚森
封面设计 祖力喀尔装帧
出版发行 新疆人民出版社
地　　址 乌鲁木齐市解放南路348号
邮　　编 830001
电　　话 0991-2827472
印　　刷 乌鲁木齐八家户彩印有限公司
经　　销 各地新华书店
开　　本 880×1230毫米 32开本
印　　张 4.75
版　　次 2000年3月第1版
印　　次 2009年4月第2次印刷
印　　数 4001－7000
总 定 价 80.00 元
单　　价 8.00 元

www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب بېيجىڭ كۈتۈپخانا نەشرىياتىنىڭ 1997 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1997 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据北京图书馆出版社1997年1月第1版．1997年1月第1次印刷本翻译出版。

دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر — 2

**داڭدار پەيلاسوپ — نىچشې**

---

**ئاپتورى:** بەي لىپىڭ
**تەرجىمە قىلغۇچى:** مەمتىمىن تۇرسۇن
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەكبەر ئەلى
**مەسئۇل كوررېكتورى:** سەنەۋەر ئىبراھىم، زەمىرە پىدائى
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** ئايگۈل ياسىن
**مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى:** زۇلقەر لايىھەچىلىكى
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**تېلېفون:** 2827472 ـ 0991
**باسقۇچى:** ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلار
**فورماتى:** 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 4.75
**نەشرى:** 2000 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2009 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 4001 - 7000
**كىتاب** نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 05586 - 9
**ئومۇمىي باھاسى:** 80.00 يۈەن
**يەككە باھاسى:** 8.00 يۈەن

---

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىت ئادرېسى

# كىرىش سۆز

نىچشې توغرىسىدىكى ئىككى پاكىت تولىمۇ ھەيران قالارلىق: بىرى، ئۇ پوپ جەمەتىدە تۇغۇلۇپ، كېيىن خىرىستىئان دىنىغا قارشى ئەڭ كەسكىن تەنقىدچىگە ئايلانغان؛ يەنە بىرى، ئۇ ئاياللار مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئەمما كېيىن ئەڭ قەتئىي ھالدا ئاياللارغا قارشى تۇرغۇچىغا ئايلانغان. نىچشې ئاساسەن تۇغما ئاسىي، بۇ ئۇنىڭ كىشىلىك ھايات ئىزدىنىشىدە تەنھا ـ تايانچسىز قىلىشىنى، جاپا ـ مۇشەققەتكە گىرىپتار بولۇشىنى بەلگىلىگەن. لېكىن، ئۇنىڭ يۇنانچە قەيسەر خاراكتېرى ئۇنى كىشىلەرنىڭ سوغۇق مۇئامىلە قىلىشى ۋە مەسخىرە قىلىشىنى بىۋاستە كۆرۈشكە جۈرئەت قىلدۇرۇپ، قەيسەرلىك بىلەن ئىدىيە يولىنى ئاچقان. ئەمما، ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرىگە ھەمراھ بولغان تەنھالىق ۋە كېسەللىك ئازابى يەنە ئۇنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئىنتايىن قاتتىق نابۇت قىلغان ۋە زىيانغا ئۇچراتقان. مەنىۋى جەھەتتىن ئۇزاققىچە ھېسداشلىقتا ئېرىشەلمەسلىكى ۋە كىشىلەرنىڭ چۈشەنمەسلىكى سەۋەبىدىن تارتقان ئازابى ئاخىر ئۇنى روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلەشتۈرۈپ ئەقلىدىن ئازدۇرغان.

سوغۇق مۇئامىلىگە يەتكۈچە ئۇچرىغان نىچشې ئۆزىنى دەۋرىدىكى «ئۆگەي دادىنىڭ ئوغلى» دەپ ئاتىغان، ئۇ ئۆزى ياشىغان دەۋرنى پاش قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىپ، تەڭرى ئۆلدى دەپ جاكارلىغان، قىممەتلىك نەرسىلەرگە قايتىدىن باھا بەرمەكچى بولغان، ھوقۇق ئىرادىسىنى تەشەببۇس قىلغان، ئادەتتىن تاشقىرى ئادەم پەلسەپىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھاياتلىق ئىرادىسىنى تەكىتلىگەن. ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق بۇ ئىدىيىۋى

تەلىماتى ئەينى چاغدا كۆكنى يېرىپ ئۆتكەن چاقماقتەك، جەمئىيەتكە كۆرسەتكەن زەربە بېرىش كۈچى ۋە زىلزىلىگە كەلتۈرۈش قۇدرىتى شۇ دەۋردىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن. نىچشې دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازى ياڭرىغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان 100 يىلغا يېقىن تارىخ داۋامىدا شەرق ۋە غەربتىكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى نىچشې ئىدىيىسىنىڭ غايەت زور تەسىرىگە ئۇچرىغان.

نىچشې پۈتۈن ھاياتىدا كۆپ ئەسەر يازغان، «تراگېدىيىنىڭ مەيدانغا كېلىشى» ئۇنىڭ تۇنجى ھەم ئەڭ مەشھۇر ئىلمىي ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ. «زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ» ئۇنىڭ داڭلىق ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ. «قاراڭ ! بۇ ئادەمگە» دېگەن ئەسەرنى دۇنيادىكى ئەڭ غەلىتە، ئەڭ تەكەببۇر تەرجىمىھال دېيىشكە بولىدۇ. بۇلاردىن باشقا ئۇ يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن «تاڭ نۇرى»، «ئەخلاق نەسەبنامىسى»، «مەبۇدلارنىڭ زاۋالى»، «خرىستوسقا رەددىيە» قاتارلىق بىر قاتار ئەسەرلەرنى يازغان. ئەمما، نىچشېنىڭ دەۋرگە ماس كەلمىگەن شۇ ئىدىيىلىرىنىڭ ئاشكارا خىرىس قىلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى زاماندىشلىرى تەرىپىدىن كۈرسى چۈشۈش ۋە چەكلىنىش تەقدىرىگە ئۇچرىغان. كىشىلەر سوغۇق سۈكۈت قىلىش ئارقىلىق بۇ سەۋدايىغا، بۇ تەنھا چۈقان كۆتۈرگۈچىگە قارشىلىق كۆرسەتكەن.

نىچشېنىڭ ھايات چاغدىكى كىشىلەر تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىشى بىلەن ئەڭ زور دەرىجىدە پەرق قىلىدىغىنى ئۇنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى شۆھرەت قازىنىشى بولدى. تالانتىنىڭ ھامان بايقىلىدىغان ۋاقتى بولىدۇ، دانىيىنىڭ ئەدەبىي ئوبزورچىسى گېئورگىي برانكىس نىچشې پەلسەپىسىنى سۆزلىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ نامى چىقىشقا باشلىدى. ئەمما، فاشىستلار نىچشېنىڭ پەلسەپىسىنى بۇرمىلاپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ سەلبىي تەرەپتىن نىچشېنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتكەن. خۇددى كىشىلەر ئېيتقاندەك، نىچشې ئىدىيىسىنىڭ ئۇرۇقى ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن

ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتىن ئىبارەت ئىككى تال گۈل بولۇپ ئېچىلغان. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرى، نىچشې پەلسەپىسى ئېلىمىزگە كىرگەن چاغدا، مەلۇماتلىق زاتلارنىڭ قاتتىق تەرىپلىشىگە ئېرىشكەن. گۇمانىتار پەنلەر ئۇستازى ۋاڭ گوۋېي شوپېنخاۋېر بىلەن نىچشېنى «دۇنيادا تەڭدىشى يوق تالانت ئىگىسى» دەپ ئاتاپ، ئۇلارنىڭ تەلىماتىغا ھۆرمەت بىلدۈرگەن. «جۇڭگو نىچشېسى» دەپ ئاتالغان لۇشۇنمۇ نىچشې پەلسەپىسىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان زوقلاندۇرغۇچى كۈچىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن. ھالبۇكى، 50 ــ 60 ـ يىللارغا كەلگەندە نىچشې تەلىماتى يەنە ئەكسىيەتچىل پەلسەپە ھېسابلىنىپ كەسكىن ھۇجۇمغا ئۇچرىغان.

نىچشېنىڭ چوڭقۇر پىكرى پۈتۈنلەي پىشقان ئىنچام تىلغا يوشۇرۇنغان، ئۇنىڭ ئىدىيە ماھىيىتىنى ئەتراپلىق ئىگىلەش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھاياتى پائالىيەتلىرىنى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، مەن نىچشېغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان كىچىك دوستلارغا بىر ئاز ياردىمى تېگەر، دېگەن ئۈمىدتە بۇ كىتابچىنى يېزىپ چىقتىم.

# مۇندەرىجە


| | | |
|---|---|---|
| بىرىنچى باب | بالىلىق دەۋردىكى پوپ چۈشى ............... | 1 |
| ئىككىنچى باب | لېيپسىگتا كۆزگە كۆرۈنۈش ............... | 17 |
| ئۈچىنچى باب | كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان دوستلۇق .... | 37 |
| تۆتىنچى باب | بايروئىتتىن قېچىش ....................... | 57 |
| بەشىنچى باب | ھايات ـ مامات ئارىلىقىدا ................ | 86 |
| ئالتىنچى باب | ئەتىرگۈلنىڭ تۈنجى خازان بولۇشى ....... | 98 |
| يەتتىنچى باب | روھنىڭ ئوغلى ـــ زوروئاستېر .......... | 117 |
| سەككىزىنچى باب | ئاخىرقى ئادىشىش ........................ | 131 |
| | نىچشې يىلنامىسى ........................ | 143 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب  باللىق دەۋردىكى پوپ چۈشى

1844 ـ يىلى 15 ـ ئۆكتەبىر ئىنسانلار تارىخى سەھىپىسىدىن ئورۇن بېرىشكە ئەرزىيدىغان بىر كۈن، پرۇسسىيە بىلەن ساكسونىيە چېگراسىدىكى كەڭ بىر تۈزلەڭلىكتە ـــ روكىن دەپ ئاتىلىدىغان نامرات، ئەمما گۈزەل بىر كىچىك كەنتتە بىر گۆدەك ھاياتلىق دۇنياغا كۆز ئاچتى، مانا بۇ يېرىم ئەسىردىن كېيىن دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن كاتتا پەيلاسوپ فرېدىخ نىچشې.

نىچشې ئەۋلادمۇئەۋلاد دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ چوڭ بوۋىسى بىلەن بوۋىسى ئىلاھىيەتتىن دەرس ئۆتكەن، دادىسى كارل لىيۇدوۋىك نىچشې ئىجتىماھاتلىق پوپ، ئاپىسى فرانسىسكانىڭ بوۋىسى ۋە دادىسىمۇ چېركاۋ خادىمى ئىدى.

بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، خرىستىئان دىنىي ئېتىقادى ئىنتايىن مۇستەھكەم بولغان شۇنداق ئەنئەنىۋى قورغاندىن دىنىي ئىلاھىيەت يولىدىن چىققان ئىنتايىن كەسكىن تەنقىدچى مەيدانغا چىقىدۇ، دەپ كىممۇ خىيالىغا كەلتۈرسۇن؟

ئۇنىڭ دادىسى خىزمەتنى ياخشى ئىشلىگەنلىكتىن ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىلگەن. پرۇسسىيە پادىشاھى فرېدرىخ ۋىلھېلىم IV (1795 ـــ 1861) نىڭمۇ ئالاھىدە ئىلتىپاتىغا ئىگە بولغان. ئەسلىدە ئۇ مەنسەپ تۇتۇشنى ياخشى كۆرەتتى، لېكىن ئۇ باش ئاغرىقى ۋە نېرۋا كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقتىن، دەم ئالغاچ ئۆزىنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولغان. ئۇ بىر يېزىدىكى دىنىي رايوننىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇشنى ئىلتىماس قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ روكىن كەنتىگە ئەۋەتىلگەن. بۇ بىر خىلۋەت

كۆڭۈلدىكىدەك پاناھلىنىدىغان جاي ئىدى. بۇ جايدا تۇغۇلغان كۆكۈل كۈنلەردىن بۇيان
قىلغىنىغا تۆت يىل بولغان خوتۇنى ئۇنىڭغا ئۇزاقتىن بۇيان
ئارزۇ قىلغان تۇنجى ئوغلىنى تۇغۇپ بەردى. مانا بۇ فرېدرىخ
نىچشې ئىدى. نىچشېنىڭ تۇغۇلغان كۈنى باشقىلاردىن پەرقلىق
بولۇپ، دەل پادىشاھ فرېدرىخ ۋىلھېلىم IV نىڭ تۇغۇلغان كۈنى
ئىدى. مۇنداق تاسادىپىي توغرا كېلىپ قېلىش ئۇنىڭ دادىسىنى
خۇشاللىققا چۆمدۈرگەن. بۇ سەممىي ئاق كۆڭۈل پوپ ئوغلىنى
چوقۇندۇرىدىغان كۈنى ھاياجانلانغان ھالدا: «ئېھ، ئۆكتەبىر،
مۇقەددەس ئۆكتەبىر سەن ھامان مېنى خۇشاللىققا غەرق
قىلىسەن. بىراق، سەن ماڭا ئاتا قىلغان بارلىق خۇشاللىق
ئىچىدە تۇنجى ئوغلىنى چوقۇندۇرۇشتەك ئەڭ چوڭقۇر، كىشىنى
ئەڭ ھاياجانلاندۇرىدىغان بۇنداق خۇشاللىق بولۇپ باقمىغان ! ...
مەن ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا كۆڭلۈمدىكىنى شۇنداق
ئىزھار قىلىمەنكى، سۆيۈملۈك ئوغلۇمنى خۇداغا تەقدىم
قىلالايمەن، مېنىڭ ئوغلۇم، فرېدرىخ ۋىلھېلىم، بۇ سېنىڭ
ئىسمىڭ، سەن بىلەن بىر كۈندە تۇغۇلغان ئالىيجاناب شاپائەتچى
پادىشاھنى خاتىرىلەيمەن» دېگەن. بۇ پەۋقۇلئاددە تۇغۇلغان
كۈننىڭ نىشچېغا ئەكەلگەن لەززىتى ھەر قېتىم مۇشۇ كۈن
يېتىپ كەلگەندە پۈتۈن مەملىكەت شادلىققا چۆمگەندەك
خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

نىشچېنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى خۇشاللىق ۋاقتى ئىنتايىن
قىسقا بولدى. ئۇنىڭ تىلى ناھايىتى كېچىكىپ چىقتى، ئۇ گۆدەك
يېشىغا ماس كەلمەيدىغان سۈرلۈك، چوڭقۇر نەزەر بىلەن
ئەتراپتىكى بارلىق نەرسىلەرگە ئۈندىمەي تىكىلىپ قارايتتى. ياش
پوپ جىمغۇر ئوغلىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. دائىم ئۇنى
سىرتقا ئاچىقىپ ئايلاندۇرۇپ كېلەتتى. نىچشې چوڭ بولغاندىن
كېيىن، دادىسى بىلەن بىرلىكتە سەيلە قىلغان كەچتىكى
قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان چاغلىرىنى ئىنتايىن
سېغىناتتى.

www.uyghurkitap.com

كۆپ ئۆتمەي، نىچشې يەنە بىر سىڭىل، بىر ئۇكىلىق بولدى. 1846 ـ يىلى سىڭلىسى ئېلىزابېتا تۇغۇلدى. 1848 ـ يىلى ئىنىسى جوزېف تۇغۇلدى. بۇ ئائىلىدىكىلەر تېخى ئائىلىنى بەختتىن بەھرىمەن بولغۇچە، بەختكە قارشى بالايىئاپەت يېتىپ كەلدى.

1848 ـ يىلى ئاۋغۇستتا نىچشېنىڭ دادىسى ئۆزىنىڭ تاش پەلەمپىيى ئۈستىدىن يىقىلىپ چۈشتى ۋە بېشى قاتتىق ئۇرۇلۇپ، بىر خىل ئەجەللىك كېسەل ــ مېڭە يۇمشاش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ، ئىككىنچى يىلى ئىيۇلدا ئالەمدىن ئۆتتى. بىرنەچچە ئايدىن كېيىن نىچشېنىڭ ئەمدىلا ئىككى ياشقا كىرگەن ئىنىسى ئۆلۈپ كەتتى.

تىنچ، خۇشال تۇرمۇش بۇزۇلۇپ تاشلاندى. بۇ قورقۇنچلۇق كەچۈرمىش تۇغرىسىدا، نىچشې 14 ياشقا كىرگەندە خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازدى:

« بىر كېچىسى بىر توپ دەرەخنىڭ گۈلتاجىنى ئۈزۈۋالغان چاغدا، پۈتۈن دەرەخ قۇرۇپ كېتىدۇ. قۇشلارمۇ ئۇنىڭ شېخىغا قونمايدۇ. ئائىلىمىزنىڭ گۈلتاجى ئۈزۈۋېتىلىپ تاشلىنىپ، خۇشاللىق ۋۇجۇدىمىزدىن كۆتۈرۈلدى. چوڭقۇر قايغۇ ـ ھەسرەت بىزنىڭ بارلىقىمىز بولۇپ قالدى. كۆڭلىمىزنىڭ جاراھىتى تېخى ساقايماي تۇرۇپلا قايتىدىن ئازابلاندى. مۇشۇ ۋاقىتتا، مەن بىر چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە مۇڭلۇق پىسگارموننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، خۇددى دەپنە مۇراسىمىغا ئوخشاش. بۇ مۇزىكا ئاۋازىنىڭ نەدىن ئاڭلىنىۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولغىنىمدا، بىر قەبرە دەھشەتلىك يېرىلىپ، ئاخىرەتلىك كىيىم كىيگەن دادام پەيدا بولدى، ئۇ چېركاۋدىن ئۆتۈپ قايتىپ كەلگەن چاغدا بىر كىچىك بالىنى قۇچاقلىۋالغانىدى. قەبرە يەنە ئېچىلىپ دادام غايىب بولدى. قەبرە تېشى قايتىدىن ئەسلىدىكى جايىغا قايتىپ كەلدى. پىسگارموننىڭ قايغۇلۇق ئاۋازىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ توختاپ قالدى. مەنمۇ ئويغىنىپ كەتتىم. ئەتىسى ئەتىگەنلىكى بۇ

چۈشۈمنى مېھرىبان ئاپامغا ئېيتىپ بەردىم. ئارقىدىنلا ئىنىم جوزېڧ ئاغرىپ قالدى ھەمدە بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى. بىز ئىنتايىن ھەسرەت چەكتۇق، مېنىڭ كۆرگەن چۈشۈم پۈتۈنلەي راست بولۇپ چىقتى، چۈنكى ئىنىمنىڭ جەستى دادامنىڭ قۇچىقىغا دەپنە قىلىندى. بۇ قوشلاپ كەلگەن بالايىئاپەتتىن كېيىن، خۇدا بىزنىڭ بىردىنبىر تەسەللىمىز بولۇپ قالدى. بۇ 1850 ـ يىلى يانۋارنىڭ ئاخىرى ئىدى.»

دادىسىنىڭ بالدۇرلا ئالەمدىن ئۆتۈشى، ئىنىسىنىڭ كىچىك تۇرۇپلا ئۆلۈپ كېتىشى نىچشېنىڭ گۆدەك قەلبىدە ئىنتايىن چوڭقۇر ئىز قالدۇردى. ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋال ئۇنى پۈتۈنلەي قورقۇنچ ئىچىگە سېلىپ قويدى. شۇنداق قىلىپ تۇغما زېرەك بالا ۋاقىتسىز ھالدا كىشىلىك ھاياتنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتىنى باشتىن كەچۈردى. بۇلار ئۇنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە قايغۇ ـ ھەسرەت ئۇرۇقىنى چاچتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە نىچشېنىڭ ھايات توغرىسىدىكى چوڭقۇر تەپەككۇرى ۋە ھارماي ـ تالماي ئىزدىنىشىنى قوزغاتتى.

تەخمىنەن 1850 ـ يىلى ئاپرېلدا روكىندىكى پوپنىڭ تۇرالغۇسىنى تاپشۇرۇشقا توغرا كەلدى. نىچشېنىڭ ئائىلىسى سالې دەرياسى بويىدىكى نامبۇرگ شەھرىگە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. نىچشې 14 ياشتا يازغان تەرجىمىھالىدا كۆچۈش ھارپىسىدىكى ھەسرەتلىك كەيپىياتنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «قايغۇلۇق كەچلىك ئىبادەت قوڭغۇرىقى ئالدىنقى زالغا يېتىپ كەلگەن، زېمىننى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان بولۇپ، كۆكتە تولۇن ئاي، يۇلتۇزلار چاقناپ تۇراتتى. مەن خېلىغىچە ئۇخلىيالمىدىم، يېرىم كېچە بولغاندا ئاستاغىنا قورۇغا چىقتىم. قورۇغا لىق يۈك بېسىلغان چوڭ ھارۋىلار توختىتىپ قويۇلغان، ھارۋىكەشلەرنىڭ ئۇيقۇ باسقان چىرايلىرى كىچىككىنە ئۆيدە غۇۋا كۆرۈنۈپ

تۇراتتى. مەن باشقا جايغا بېرىپ ماكانلىشىدىغانلىقىمىزغا زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. روكىندا شاد - خۇراملىق ۋە ئازاب - ئوقۇبەتنىڭ تەمىنى تېتىغانىدىم. بۇ چاغدا دادام ۋە كىچىك ئىنىم دەپنە قىلىنغانىدى. بۇ جايدا ئاھالىلەر بىلەن ئىناق، يېقىن ئۆتەتتۇق. بۇ كەنتتىن ئايرىلىش نېمىدېگەن ئازابلىق ئىش - ھە! تاڭمۇ يورۇشقا باشلىدى. ھارۋا يېزىلاردىكى يوللاردىن ئۆتۈپ، بىزنى نانبۇرگقا ئەكەلدى. بىز ئۇ جايدا ماكانلاشتۇق، خەير - خوش، خەير - خوش قەدىرلىك ئانا ماكان!»

نانبۇرگ خوخېنزوللېرىن سۇلالىسىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشكەن كاتتا شەھەر ئىدى. نىچشې بۇ شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرىغا، قەدەمدە بىر چېركاۋلىرى ۋە ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈپ تۇرغان ئادەملىرىگە تازا كۆنۈپ كېتەلمىدى. ئۇ يۇرتىدىكى ياپيېشىل ئوتلاق، سۈپسۈزۈك كۆلچەك ۋە چىرايلىق باغلارنى قاتتىق سېغىندى.

دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، نىچشې پۈتۈنلەي ئاياللارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئائىلىدە تۇرمۇش كەچۈردى. يەنى موممىسى، ئىككى كىچىك ئانىسى، ياش ئاپىسى ۋە سىڭلىسى ئائىلىدىكى كەيپىياتنى بەلگىلەيتتى ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتەتتى. دېمەك، نىچشې ئىخلاسمەن ۋە ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بۇ ئاياللارنىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلدى. ئاپىسى ئۇنىڭغا كىتاب ئوقۇشنى ئۆگەتتى. كىچىك ئانىسى روسالى ئۇنىڭغا دىنىي دەرس ئۆتتى. نىچشېنىڭ كۆزى يىراقنى كۆرمەيتتى ھەمدە باش ئاغرىقى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانىدى. ئاپىسى ئۇنى سوغۇق ئۆتكۈزۈش، ھورلاندۇرۇش ( يۇيۇندۇرۇش )، سەيلە قىلدۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن داۋالىدى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن، بىر ئائىلىدىكى كىشىلەر مەشنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ، دائىم موممىسى سۆزلەپ بەرگەن ئەجدادلىرىنىڭ قەدىمىي ھەم ئېسىل نەسەبلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىلىرىنى ئاڭلايتتى. ياخشى ئائىلىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ

يېتىلگەن نىچشې ئۆزىنىڭ نام ـ ئابرۇيىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. جەمەتىنىڭ ئېسىل قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە چوڭقۇر ئىشىنەتتى ھەمدە ئۇنى شەرەپ دەپ بىلەتتى. ئۇ «قاراڭ! بۇ ئادەمگە» دېگەن تەرجىمىھالىدا: «مېنىڭ بوۋام پولشالىق ئاقسۆڭەك، شۇڭا قېنىمدا كۆپ مىللەتنىڭ خاراكتېرى بار» دېگەن. بۇنداق قاراشنى ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ، لېكىن بۇ قاراش بۇ ئاق كۆڭۈل ئائىلىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى يېزىدىكى تار، ئەمما ئۆزىنى ئالاھىدە ۋە ئۈستۈن چاغلايدىغان دائىرىدىن ھالقىپ ئۆتكۈزۈۋەتتى. بۇنداق ئاڭ ناھايىتى بۇرۇنلا نىچشېنىڭ مېڭىسىگە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنى نىچشې پەلسەپىسىدە دائىم ئەيىبلىنىشكە ئۇچرايدىغان قەھرىمانلىق ئەخلاق ۋە ئاقسۆڭەك خاھىشىغا ئىگە ئادەتتىن تاشقىرى ئادەم تەلىماتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىدىيىۋى سەۋەبى دېيىشكە بولىدۇ.

نىچشې دادىسىنى سېغىنىدى ھەمدە دادىسىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، جەمەتىدىكى باشقا بارلىق ئەرلەرگە ئوخشاش پوپ بولۇشنى، خۇدانىڭ مۇبارەك نامىنى شېپى كەلتۈرۈپ سۆزلەيدىغان ھەم خۇداغا يېقىن بەندە بولۇشنى ئارزۇ قىلدى. ئۇ، بۇنىڭدىن تېخىمۇ ئالىيجاناب، تېخىمۇ مۇقەددەس ۋە ئۆزىگە تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلىدىغان كەسىپ يوق دەپ ھېسابلىدى. قويۇق دىنىي تۈس ۋە ئەخلاق چەكلىمىسى بىلەن تولۇپ تاشقان ئائىلە كەيپىياتى نىچشېغا بىر خىل ناھايىتى ئېھتىياتچان تۇغما بىلىم تۇيغۇسىنى ئاتا قىلدى. ئۇنىڭدا بىر خىل ئۆزىنى ئۆزى چەكلەيدىغان ئىنتايىن يۇقىرى ئىقتىدارى بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى ئېھتىياتچان بولمىدى دەپ ھېسابلىغاندا، چوڭلارنىڭ ئەيىبلىشىنى خالىمايتتى. خىلۋەت بۇلۇڭ ـ پۇچقاقنى تېپىپ ئۆزىنىڭ خاتالىقى ئۈستىدە ئويلىنىپ، ئۆزىنى بىر خىل ئەيىبلەش ۋە ئۆزى توغرۇلۇق ئېنىق ھۆكۈم چىقىرىشنى خالايتتى. بۇنداق بالدۇر يېتىلگەن مىجەز ـ خاراكتېر كۆپچىلىكنىڭ نەزىرىدە ئۇنى پۈتۈنلەي سورلۇك،

سالماق، قائىدە ـ يوسۇندىن چىقمايدىغان بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى. بۇ ھەقتە ئۇنىڭ سىڭلىسى فورىستېر ئىنچىشى مۇنداق جانلىق تەسۋىرلىگەن:

« بىر كۈنى مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەن چاغدا، تۇيۇقسىز قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. بىز كىچىك فىلىسنى قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولۇپ، مەكتەپكە قاراپ ماڭدۇق. بارلىق بالىلارنىڭ ھەممىسى ساراڭ بولۇپ قالغاندەك ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە چاپماقتا ئىدى. ئاخىر كىچىك فىلىسمۇ پەيدا بولدى. ئۇ ئاستا مېڭىپ كېتىۋاتاتتى ... ئاپام تېزرەك ئۆيگە قايتقىن دەپ ئالدىراتقان چاغدا، پۈتۈن بەدىنى ھۆل بولۇپ كەتكەن كىچىك فىلىس تەمكىنلىك بىلەن: ‹ئاپا، لېكىن بىزنىڭ مەكتەپنىڭ قائىدىسىدە ئېنىق قىلىپ: ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن قايتقاندا كوچىلاردا قالايمىقان يۈگۈرۈپ يۈرۈشكە بولمايدۇ، ئۇلار تىنىچ، يۈرۈش ـ تۇرۇشى سىپايە ھالدا ئۆيگە قايتىشى كېرەك، دەپ يېزىلغان› دېگەن.»

ئۇ دائىم ئۆزىنىڭ شېرىكلىرىگە، «ئىنجىل»نىڭ مەلۇم بۆلەكلىرىنى ئوقۇپ بېرەتتى، ئۇلار ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن جىمجىت تۇرۇپ ئاڭلايتتى، ئۇ چەكسىز تەقۋادارلىق ۋە سەممىي قىزغىنلىق بىلەن كۆپچىلىكنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرەتتى، شېرىكلىرى ئۇنى «كىچىك پوپ» دەپ ئاتايتتى. ئەينى چاغدا ئۆزىنى خۇداغا بېغىشلاشقا ئىرادە باغلىغان «كىچىك موناخ»نىڭ ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، خرىستىئان دىنىنى يۇقۇملۇق كېسەللىك دەپ قارايدىغان كىشىگە ئايلىنىپ قېلىشىنى ھېچكىممۇ ئويلىمىغانىدى.

ئىنچىشى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شەھەردىكى بىر خۇسۇسىي مەكتەپكە يۆتكەلدى. بۇ مەكتەپتە لاتىن تىلى ۋە گرېك تىلى ئۆگەندى. گرېك تىلى ئۆگىنىشىنىڭ ئىنتايىن قىيىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ دىنىي دەرسلىكنى ئۆگىنىشكە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلدى. نېمىس تىلى

گرامماتىكىسى بىلەن ماقالە يېزىشتىكى نەتىجىسى ئادەتتىكىدەك بولدى. ئۇ يەنە بوش ۋاقىتلىرىدا ئوقيا ئېتىش ماھارىتىنى ئۆگەندى ھەمدە قىسقا ئېپىزوت، شېئىرلارنى يازدى، بەزىدە تاغ ـ دەريالارنىڭ رەسىملىرىنى سىزدى.

مەكتەپتە نىچشى ساۋاقداشلىرىغا ئارىلاشمايتتى. ساۋاقداشلىرى بىلەن ناھايىتى ئاز ئوينايتتى. لېكىن، دوست تۇتۇشنى ئارزۇ قىلاتتى، بىراق دوست تاللاشتىكى تەلىپى بەك يۇقىرى ئىدى. بۇ خۇسۇسىي ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، نىچشى ئەڭ دەسلەپ ۋىلھېلىم بىند، گوستوف كروگ بىلەن تونۇشتى. بىندنىڭ دادىسى ئەدەبىياتنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇ نىچشېنى گېيوتېنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ئۇچراشتۇردى ھەمدە نېمىس كلاسسىك ئەسەرلىرىنىڭ گۈزەل قاپىيىلىرىدىن بەھرە ئالدۇردى. بىندمۇ نىچشېنىڭ يېقىن دوستى بولۇپ قالدى، ئۇلار دائىم بىرلىكتە شېئىر ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىپ، شېئىرلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئوقۇدى. كروگ بولسا نىچشېنىڭ مۇزىكىچى دوستى بولۇپ قالدى، ئۇلار دائىم بىرلىكتە مۇزىكا ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىپ، مۇزىكىلىق ئەسەرلەرنى ئورۇندىدى، ياكى بىرلىكتە كروگنىڭ دادىسى چالغان سازنى ئاڭلىدى. كروگنىڭ دادىسىمۇ مېندېلسون قاتارلىق مۇزىكانتلار بىلەن قويۇق بېرىش ـ كېلىش قىلىدىغان داڭلىق مۇزىكانت ئىدى. نىچشى ئىككى ئائىلە بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشنى بەك ياخشى كۆرەتتى، ئۇ دوستلىرىنىڭ دادىسىدىن ناھايىتى ياخشى شېئىر ۋە مۇزىكىنىڭ ئويغىنىش تەربىيىسىگە ئىگە بولدى.

شېئىر ۋە مۇزىكا شۇنىڭدىن باشلاپ نىچشېنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەۋىسىگە ئايلاندى. بىرئاز بوش ۋاقتى بولسىلا، تاپشۇرۇق ئىشلەشنى بىرئاز كېچىكتۈرگەن بولسىلا، ئۇ بىر ئوتلۇق لىرىك شائىرلاردىن بولۇپ قالاتتى. 10 ياش ۋاقتىدا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ قىزغىنلىقىغا چۆكۈپ، بىر يىل ئىچىدىلا 50 پارچە شېئىر يازدى، لېكىن نىچشېنىڭ دەسلەپكى

شېئىرلىرى ھەسرەتلىك كەيپىيات بىلەن تولغان بالىلىق چاغلىرىدىكى بەختكە قارشى كەچۈرمىشلىرى ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان بىر خىل قايغۇ-ھەسرەت ئېلىپ كەلگەن:

« يوپۇرماقلار تۆكۈلگەندە،
كۆز شامىلى ئېلىپ كەتتى.
ھاياتلىقنىڭ گۈزەل چۈشى،
كۆلدەك ئۆچۈپ توزۇپ كەتتى !»

«مەن قانداقمۇ ئىشىنەي،
قەبرىگە كىرىپ يېتىشقا.
ھاياتلىقنىڭ پەيزىدىن،
قايتا ئۇزۇق ئېلىشقا؟

قوڭغۇراقتىن ياڭرىسا ئەكس سادا ئۇزۇنغا
ئىختىياسىز پاتمەن خىيال دېڭىزىغا:
ھەممىلەن ئاتلىنىمىز ئاخىر بىر كۈن
مەڭگۈلۈك يۇرتىمىزغا يېتىپ بېرىشقا.»

نىچشې 14 ياشقا كىرگەندە شېئىر يېزىشقا ئۈچ قېتىم تازا كىرىشىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلەردىن تەشكىل تاپقان شېئىرلىرى ۋە لىرىك شېئىرلىرىنىڭ پىكرى چوڭقۇر، ئۇسلۇبى ياخشى، تىلى گۈزەل ھەم ھېسسىياتقا باي ئىدى، نىچشې ياش قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ئارقىلىقلا ئەمەس ھەم ئۆزىنىڭ شېئىر يېزىش ئىقتىدارى ئارقىلىق ئەينى زاماندىكى ۋە كېيىنكى شائىرلارغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى.

ئۇ ناھايىتى بۇرۇنلا مۆزىكىنى چۈشىنەتتى. بۇ ئۇنىڭ



www.uyghurkitap.com

دادىسىدىــن قالغان ئۇدۇم ئىدى. نىـچشېنـىـڭ دادىسى مـۇزىكىغـا كامىل ئىدى، تۇن قاراڭغۇسى يېتىپ كەلگەندە، ئۇ چېركاۋدىكى قوپال فىسگارمونىنى چالاتتى، يېزىدىكى ئاق كۆڭۈل دىندارلار دائىم ئىشىك سىرتىدا تۇرۇپ ئاڭلاپ ماختاپ كېتەتتى، نىچشې كلاسسىك مۇزىكىنى ياخشى كۆرەتتى، موزارت، گايدىن، شۇبېرت، مېندېلسون بېتخوۋېن، باخ، ھېندىلنىڭ ئەسەرلىرىدىن بەدىئىي لەززەت ئالاتتى. لېكىن، ئۇ بېلىئوز، لىست فرېنسلارنىڭ «كەلگۈسىدىكى مۇزىكىسى»نى ياخشى كۆرمەيتتى. ئاپىسى نىچشېغا بىر پىئانىنو ئېلىپ بېرىپ، شۇ جايدىكى ئەڭ ياخشى بىر ئايال پىئانىنوچىنى ئۇنىڭغا پىئانىنو چېلىشنى ئۆگىتىشكە تەكلىپ قىلدى. مۇزىكا شۇنىڭدىن كېيىن نىچشېنىڭ مۇزىكانت ۋاگنېر بىلەن تونۇشۇشتىكى بىر ئاچقۇچلۇق ۋاستە شۇنداقلا ئۇنىڭ بىرمەھەل ۋاگنېرغا مەپتۇن بولۇپ چوقۇنۇشىدىكى بىر مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى. گەرچە نىچشې كېيىن ۋاگنې بىلەن ئادا ـ جۇدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن مۇزىكىنى ياخشى كۆرۈشى شۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى. ئۇ كېيىنكى مەزگىلدە جورجى بېسنىڭ رومانتىك ھېسسىيات ۋە لىبېرالىزملىق روھقا باي «كارمېن» دېگەن ئوپېراسىنى بەكمۇ ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇمۇ دائىم مۇزىكا نوتىسى يازاتتى. شېئىر ۋە مۇزىكا شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كېسەللىك ۋە روھىي ئازابقا ئۇچراپ يەككە ـ يېگانە ياشىغان يىللاردا ئەڭ چوڭ تەسەللى بولۇپ قالغانىدى.

نىچشېنىڭ شېئىرنى ياخشى كۆرۈشى ئۇنىڭ ئەدەبىي جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشىنى ئۆستۈردى، ئۇ پەيدىنپەي نېمىس تىلىنى قوللىنىپ پىكرىنى ئېنىق ئىپادىلەيدىغان قابىلىيەتنى ئىگىلىدى، ئۇنىڭ نائۇمبۇرگ ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ئىپادىسى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇنىڭ ئاپىسىغا ئۇنى ئوقۇتۇش سۈپىتى ناھايىتى يۇقىرى بولغان ياتاقلىق مەكتەپكە ئەۋەتىپ ئوقۇتۇشنى تەكلىپ قىلدى. نىچشې ئۇرۇق ـ

تۇغقانلىرى، دوستلىرى بىلەن خوشلىشىش ئالدىدا، ئۆزى باشتىن كەچۈرگەن خۇشاللىق ۋە ھەسرەت بىلەن تولغان بالىلىق چاغلىرىنى ئەسلىدى. ئۇ 12 كۈن سەرپ قىلىپ ئۆزى ئۈچۈن بىر تەرجىمىھال يېزىپ چىقتى، بىر ئاز بالىلىق خاراكتېرىگە ئىگە بۇ تەرجىمىھالنى تا ھازىرغىچە يەنىلا ياخشى يېزىلغان يېزىقچىلىق مەشقى دېيىشكە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نىچشې يەنە گرېك تىلىنى دەسلەپتە ئۆگەنگەن چاغدىكى قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، ھومېرغا چوڭقۇر قىزىقىشقا باشلىدى. ئۇ بىند بىلەن بىرلىكتە «ئولىمپىك تېغىدىكى ئىلاھلار» دېگەن قىسقا درامىنى يېزىپ چىقتى. ئۇ ياش قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن يازغان يەنە بىر تەرجىمىھال: «قاراڭ! بۇ ئادەمگە»دە ئۆزى بىلەن گېنرىخ گېيىننى «نېمىس تىلىنى ئىشلىتىشتە ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن» ئىككى يازغۇچى دەپ ئاتىغان نىچشې كېيىن ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ كۈچى بىلەن بۇنداق قاراشنىڭ مۇبالىغە ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى.

1858 ـ يىلى ئۆكتەبىردە نىچشېنىڭ تۇرمۇشىدا بۇرۇلۇش يۈز بەردى. ئۇ ئەلا نەتىجە بىلەن نەنبۇرگ ئىجتىمائىي پەن ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتتۈردى ھەمدە پفودا ئىجتىمائىي پەن تەييارلىق مەكتىپىنىڭ ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرى شۇنىڭدىن باشلاپ ئاياغلاشتى. پفودا مەكتىپىنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، كلاسسىك مائارىپ بىلەن داڭ چىقارغان، مەكتەپنىڭ ئىنتىزامى قاتتىق، كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر گۇمانىزم ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئىگە ئوقۇتۇش ئورنى ئىدى. گېرمانىيە تارىخىدىكى نۇرغۇن مەشھۇر كىشىلەر، مەسىلەن، پەيلاسوپ فىشت، شائىر نوۋالىس، يازغۇچى شلېگېل قاتارلىقلار مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغانىدى، بۇ مەكتەپتە دىن، ئىبرانىي تىلى، گرېك تىلى، لاتىن تىلى قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىنغانىدى. نىچشې گرېك ( يۇنان ) تىلى دەرسىنى ئەڭ ياخشى كۆرەتتى، دائىم قەدىمكى يۇنان يېزىقىدىكى كىتابلارنى يېرىم كېچىگىچە

ئوقۇيتتى. ئۇنىڭ قەدىمكى يۇنان روھىنى قەدىرلىشى شۇنىڭدىن ئىبارەت باشلاندى. شۇنداقلا دەل مۇشۇ مەكتەپتە ياش گىگىلچىلاردىن ئىبارەت بۇ پەلسەپە ئىقىمىنىڭ ئەزاسى داۋىدشترا ئۇسىنىڭ «ئىيسانىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىنى ئوقۇپ، خرىستىئان دىنىغا بولغان ئېتىقادىدا گۇمان پەيدا بولدى. بۇ ئېھتىمال پىفودا مەكتىپىنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك لوگىكا ۋە تىل دەرسى تەربىيىسى ئەكەلگەن مۇددىئاسىز ئاقىۋەت بولسا كېرەك. ئېتىقاد جەھەتتىكى بۇنداق بۇرۇلۇش بىر خىل تاسادىپىي ئادا ـ جۇدا بولۇشتا ئىپادىلەنمەيدۇ. بالىلىق دەۋرىدىكى كۆپ خىل تەقۋادارلىق ئادەتلىرى يەنىلا ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ئۇ ئائىلىسىدىن ۋە دادىسىدىن قالغان دىنىي ئەقىدە ۋە قائىدىلەرگە يەنىلا ھۆرمەت قىلاتتى. خرىستىئان دىنىدىن گۇمانلىنىشى ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىشى تەدرىجىي يۈز بەرگەنىدى، نىچشې تىنچ ئازاب ـ ئوقۇبەت بولمىغان بىر خىل ئازادلىق جەريانىنى تېپىشقا ئۇرۇندى، خرىستىئان دىنى كىشىلەرنىڭ مېڭىسىنى ئىگىلىۋالغىنىغا 2000 يىلدىن ئاشقانىدى. نوپۇزلۇق كىشىلەر كۆڭۈل قويۇپ ياساپ چىققان دۇنيانى خۇدا ياراتقان ۋە قۇتۇلدۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيىلەرنى ئاسانلىقچە ئاغدۇرۇپ تاشلىغىلى بولمايتتى. بۇ زور مەسىلىدە ھەرقانداق ئاددىي ھالدا ئىنكار قىلىش ۋە يۈزەكى رەددىيە بېرىش ھېچنېمىگە دال بولالمايتتى، خرىستىئان دىنىنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر پاش قىلىش مۇقەررەر ھالدا بىر مەيدان ئېتىقاد كرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش تۇرغانلا گەپ ئىدى. بۇ پىشىپ يېتىلگەن ئىدىيىنى قورال قىلىشقا موھتاج ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئىنسانلار ئۇزلۇكسىز مۇلاھىزە قىلىپ كېلىۋاتقان دۇنيا قانداق بىنا بولغان دېگەندەك پەلسەپىۋى ئاساسىي مەسىلىلەرگە بېرىپ تاقىلاتتى. بۇ مەسىلىگە قارىتا نىچشېدا تېخى يېتەرلىك ئىدىيە ۋە روھىي جەھەتتە تەييارلىق

يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. «مۇنداق بىر مۇرەككەپ ھەم تەۋەككۈلچىلىك خاراكتېرىگە ئىگە ئىنتايىن قىيىن خىزمەتنى ئىشلەش ئۈچۈن، بىر نەچچە ھەپتە ئەمەس، بەلكى پۈتۈن بىر ئۆمۈر ۋاقىت كېتەتتى» نىچشې شۇنداق دېگەن ھەم شۇنداق قىلدى.

قىزىقىش ۋە بىلىمگە ئىنتىلىش ئارزۇسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن نىچشې ھەر خىل بىلىملەرگە ئائىت ماتېرىياللارنى بىر - قۇر كۆرۈپ چىقىپ، كۆپلىگەن ئىلىم - پەن ۋە سەنئەت بىلەن ئۇچراشتى، كۆپ كۈچ سەرپ قىلىنىدىغان ماتېماتىكا قاتارلىق بىر نەچچە خىل پەنلەردىن باشقا بارلىق پەنلەرگە قىزىقتى. بۇنداق ئارتۇقچە قىزىقىش ئاساسىي بىلىمگە ئاساس سېلىشقا زىيانلىق ئىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، نىچشې بىلىمنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە مەقسەتسىز ھالدا بۇنداق لاغايلاپ يۈرۈشتىن بىزار بولدى. ئاخىر ئۆزىگە بىر چەكلىمە قويۇپ ئۆزىنى مەلۇم بىر پەننى تەلتۆكۈس، ئەستايىدىل، مەخسۇس تەتقىق قىلىشقا مەجبۇرلىماقچى بولدى. بۇنىڭغا قارىتا پىفودا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇنى ئىنتايىن پايدىلىق تەرەپتىن قوللاپ، قىيىن بولغان كلاسسىك تىلشۇناسلىق بىلىملىرىنى ئۆگەتتى.

نىچشې قەدىمكى يۇنان - رىم يازغۇچىلىرىنىڭ مول بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، بەزى رومانتىزملىق ئەسەرلەر بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا تېخى ئانچە نامى چىقمىغان گېرمانىيە شائىرى گېلدېرلىننى ياخشى كۆرۈپ قالدى ۋە ھۆرمەتلىدى. ئۇ ئۆتكۈر ئەدەبىي سېزىم بىلەن كۆپلىگەن يازغۇچىلار ئىچىدىن دوست ئىزدىگەندەك ئوخشاش ئۇنى بايقىدى، نىچشې 17 ياش ۋاقتىدا يازغان «مەن ياخشى كۆرىدىغان يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىنى دوستلىرىمغا تونۇشتۇرۇش ھەققىدىكى خەت»تە گېلدېرلىننىڭ شېئىرلىرىغا بولغان چوڭقۇر چۈشەنچىسىنى ۋە ئۇنى ئالاھىدە قەدىرلەيدىغانلىقىنى

ئىپادىلىگەن. گېلدېرلىنىنىڭ ئىپادىلىگەن. چوڭقۇر دەرد ـ ئەلەم ۋە رومانتىك غايىسى، يەنى يۇرتىغا بولغان سېغىنىش، نېمىس مىللىتىنىڭ خاتالىقى ئۈستىدە ئويلىنىش ۋە تەنقىد قىلىشنى ياخشى كۆرۈش، مەنىۋى جەھەتتىن گۇمران بولغان چاغدىكى ئىزتىراپلىق ۋە قەلبىدىكى توقۇنۇش قاتارلىقلار نىچشېدا چوڭقۇر ھېسداشلىق قوزغىدى. ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، ئۇ گېلدېرلىنىنىڭ ئېلىشىپ قالغاندىن كېيىنكى بەزى شېئىرلىرىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ چوڭقۇر تەپەككۇرلىرىنى «گېرمانىيە شېئىر سەنئىتىدىكى ساپ ئېسىل ئەسەر» دەپ قارىدى. كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان يېرى شۇكى، شۇ چاغدىكى نىچشېنىڭ كىشىلىك ھايات كەچۈرمىشلىرى بىلەن ئەمدىلا ئالەمدىن ئۆتكەن بۇ شائىرنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى كەچۈرمىشلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەينى چاغدا سارالڭ شائىرغا قايىل بولغان بۇ ئۆسمۈر كۆپ يىللاردىن كېيىن ئۆزىنىڭمۇ ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭىدىغانلىقىنى قانداقمۇ خىيالىغا كەلتۈرسۇن؟

پفودا مەكتىپى كەڭ كلاسسىك مائارىپتىن باشقا، ئۆزىنىڭ 200 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسىنىڭ خاراكتېرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تەربىيىلەشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. تىرىشچان، ئىنتىزامچان ۋە سپارتاكچە بىر خىل ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇشنى مەكتەپنىڭ ئېسىل سالاپىتى، دەپ قارايتتى. بەزىدە پفودا مەكتىپىنىڭ تۇرمۇشى ئاددىي ـ ساددا ھەم غەيرەت ـ شىجائەتكە باي خۇشال ـ خۇرام كەيپىيات ئىچىدە ئۆتەتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىدە سىرتنى سەيلە قىلىشقا رۇخسەت قىلىدىغان چاغدا، 200 دىن كۆپرەك ئۆسمۈر ناخشا ئېيتىپ، رەتلىك ھالدا دەريا بويلىرىغا كېلىپ سۇغا چۆمۈلەتتى. ئەسلىدىكى سەپ بويىچە سۇدا رەتلىك ئۈزەتتى. ھېرىپ ھالىدىن كەتسىمۇ، خۇشال ـ خۇراملىقتا چۆمەتتى. مۇئەللىمنىڭ پۇشتەك چېلىشى بىلەن باللار دەريا بويلىرىغا چىقىپ كىيىملىرىنى كىيەتتى ۋە ناخشا

www.uyghurkitap.com

ئېيتىپ، رەتلىك تىزىلىپ مەكتەپكە قايتىپ كېلىپ تاپشۇرۇق ئىشلەيتتى. نىچشې بۇنداق كۆڭۈللۈك پائالىيەتنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. لېكىن، بۇنداق ۋاقىت ناھايىتى ئاز ئىدى، كۆپىنچىسى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپنىڭ ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىپ، دەرسخانىدا ئولتۇرۇپ قاتتىق تەربىيىنى قوبۇل قىلاتتى. نىچشې موناستىر شەكلىدىكى بۇ مەكتەپنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى بىر خىل بېسىم ۋە چىداشلىق بەرمەك تەس، دەپ ھېس قىلاتتى. ئۇ تىرىشىپ ئۆگىنەتتى. لېكىن، مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئەركىنلىكى يوق ئىدى. شۇڭلاشقا تەتىل مەزگىلىدە ئۆيدە تۇرغان كۈنلىرىدە بۇنداق ئەركىنلىكنى تېپىشقا ئۇرۇناتتى. ئۇ يېقىن دوستى بىند ۋە كروگ بىلەن ئەدەبىيات ۋە مۇزىكا كۇرۇژۇكى «گېرمانىيە» ئىجتىمائىي تەسكىلاتىنى ئۇيۇشتۇردى. ئۇلار تەشكىلاتنىڭ ھەربىر ئەزاسى ھەر ئايدا بىر پارچە ئەسەر تاپشۇرۇشى كېرەكلىكىنى، ئۇنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تەتقىد ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. ئۇلار يەنە يىغىلغان ئىنتايىن ئاز بەدەل پۇلىدىن پايدىلىنىپ، «مۇزىكا ژۇرنىلى»غا مۇشتەرى بولدى. مۇزىكا ژۇرنىلىنى ئوقۇش ئارقىلىق، پەقەت كلاسسىك مۇزىكىلارنى ياخشى كۆرىدىغان نىچشېدا بۇرۇلۇش بولدى. ئۇ تۇنجى قېتىم رىخارد ۋاگنېرنىڭ سەنئىتى بىلەن ئۇچراشتى ھەمدە ئۇنىڭغا پەيدىنپەي قىزىقىش پەيدا بولدى، ئاخىر پۇل خەجلەپ «تېرىستان ۋە ئېسورت» ناملىق پىئانىنو چېلىش نوتىسىنى سېتىۋالدى.

نىچشې ئەدەبىيات ۋە مۇزىكىغا ئىنتايىن زور قىزغىنلىق بىلەن كىرىشتى، ئەمما خرىستىئان دىنىدىن ئۆزىنى تارتتى، ئۇ دىنغا ئەمدى ئۆزىنى بېغىشلىمىدى. مۇزىكىنى كەسىپ قىلىپ تاللاشنى ئويلىدى. پىفودا مەكتىپىنىڭ ئاخىرقى بىر يىلىدا نىچشې لاتىن تىلىدا بىر پارچە ئەسەر يېزىپ، گېرمانىيە تىياتىرى داستانىنى مەنبە قىلىدۇ. يۇنان تىياتىرى لىرىك شېئىرنى مەنبە قىلىدۇ ھەمدە مۇزىكا ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە

ئالىدۇ، دەپ قارىدى. بۇ كۆزقارىشى ئۇنىڭ كېيىنكى تۇنجى ئەسىرى «تراگېدىيىنىڭ بارلىققا كېلىشى»دە چوڭقۇر راۋاجلاندۇرۇلدى. كەلگۈسى كەسپىي نىشانىنى تاللايدىغان چاغدا نىچشې سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىش خىيالىدىن ۋاز كېچىپ، تىلشۇناسلىقنى مەخسۇس تەتقىق قىلىشقا ئىرادە باغلىدى.

1862 ـ يىلى سېنتەبىردە پىفودا ياتاقلىق مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، بونن ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىردى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندە، ماتېماتىكىدىن باشقا ئورتاق نەتىجىسى ياخشى، كلاسسىك تىلشۇناسلىق نەتىجىسى ئەلا بولدى.

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىرى بايرىسى

# ئىككىنچى باب لېيپسىگتا كۆزگە كۆرۈنۈش

1862 ـ يىلى ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا نىچشې نانبۇرگتا مەكتەپدىشى پاۋېل دوسېن بىلەن ئىككى ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن، ھەمراھ بولۇپ بون ئۇنىۋېرسىتېتىغا ماڭدى. ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ماڭغانلاردىن يەنە دوسېننىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى بار ئىدى. بۇ بىرنەچچە ياشنىڭ سەپىرى خۇشاللىق ۋە كۆڭۈل ئازادىلىكى ئىچىدە ئۆتتى. ئۇلار رېيىن دەرياسى بويىدا بىرئاز توختاپ، ئاتقا مىنىپ، يېزىغا بېرىپ سەيلە قىلدى. بۇ ئۈچ ھەمراھ ئەركىنلىكتىن قانغۇچە بەھرىمەن بولدى، ئۇلار يېنىدىكى بىر كىچىك مەيخانىدا ھاراق ئىچىپ، چاقچاق قىلىشىپ، كۆن پاتقاندا ئاندىن قايتىپ كەلدى. غەيرەتلىك ياشلار يول بويى ئۇنلۇك ۋارقىراپ چۇقان سالدى، نىچشې يېقىملىق ۋە تىترەك ئاۋاز بىلەن مۇھەببەت ناخشىسى ئېيتتى، بىرمۇنچە قىزلار بۇ ناخشا ئاۋازىغا مەپتۇن بولدى، ئۇلار دېرىزە پەردىسىنىڭ ئارقىسىدا ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلارغا ھەۋەس بىلەن قاراشتى. ئۇلارنىڭ چۇقان ـ سۈرەنلىرى يەرلىك ئاھالىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى، شۇ چاغدىلا ئۇلار دەرھال مېھمانخانىغا قايتىپ كەلدى.

بۇ ئۈچ دوست بونىغا ئورۇنلاشتى. شۇ چاغدا بون ئۇنىۋېرسىتېتى كلاسسىك تىلشۇناسلىق جەھەتتە خەلقئارالىق ئابرۇيغا ئىگە ئىدى، فرېدرىخ ۋىلھېلىم رىچىل ۋە ئوتتويانىدىن ئىبارەت ئىككى مەشھۇر پروفېسسور نۇرغۇن ئاتاقلىق ئالىملارنى تەربىيىلىگەنىدى. بۇ دەل نىچشېنى ئاخىر بون ئۇنىۋېرسىتېتىنى بىرىنچى بولۇپ تاللاشقا جەلپ قىلغان مۇھىم

سەۋەب بولدى. بونن، يېنا، بېرلىن، لېيپسىگ ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىكى ياش ئوقۇغۇچىلار ئەينى چاغدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ئاستىدا قوراللىنىپ نېمىس مىللىتىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ناپولېئون بىلەن جەڭ قىلغانىدى. دۆلەتمۇ بىلىم، جاسارەت، گۈزەل ئەخلاققا باي ۋە شاد ـ خۇراملىققا تولغان بۇ مەشھۇر مەكتەپلەر بىلەن ئىپتىخارلىناتتى. نىچشې شانلىق مەكتەپ تارىخىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئۇنىۋېرسىتېت تۇرمۇشىدىن ئارزۇ ـ ئارمانلارغا چۆمدى.

نىچشې پىفودا مەكتىپىنىڭ قاتتىق چەكلىمىسىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئۆزىنى گۈزەل ئەركىنلىككە ئىگە بولغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ ئۆگىنىش پىلانىنى ئۆزى تۈزدى، دەرسلەردىن كلاسسىك تىلشۇناسلىق بىلەن ئىلاھىيەتنى تاللىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە سەنئەت تارىخى، دىن تارىخى ۋە سىياسەت تارىخى دەرسلىرىنى سىرتتىن ئاڭلىدى، ئىلاھىيەتنى ئۆگىنىش ئائىلىسىنىڭ تەلىپى ئىدى، ئەمەلىيەتتە نىچشې خرىستىئان دىنىغا بولغان ئېتىقادىدىن بۇرۇنلا تەۋرەپ، ئىلاھىيەت ئۆگىنىشنى ئامال قىلىپ بىر مەۋسۇم داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن، بۇنىڭغا يەنە ۋاقىت ئىسراپ قىلماسلىق قارارىغا كەلدى. پىفودا مەكتىپىنىڭ تەربىيىسى ھەرھالدا ئۇنى فىلولوگىيە مۇتەخەسسىسى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقتى. نىچشې ئۆزى ئىشلىتىپ ئادەتلىنىپ قالغان ئۆزىنى ئۆزى تەنقىد قىلىشى ئۇستىدە ئىزاھ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

« مەن تاكى ھازىرغا قەدەر ئۆزگىرىشچان، مۇقىم بولمىغان مەقسەتنى تىزگىنلەيدىغان بىر خىل قورالغا ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن، بىر خىل پەننى ئارزۇ قىلىمەن، كىشىلەر سالماقلىق بىلەن ئەتراپلىق ئويلانسا، رەھىمسىز لوگىكا ۋە ئوخشاش شەكىلدىكى خىزمەت ئۇنى تەرەققىياتقا ئىگە قىلىدۇ. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ نەتىجىسى بىلەن كىشىدە دەرھال تەسىر

www.uyghurkitap.com

قوزغىيالمايدۇ. ئەينى چاغدا مەن تىلشۇناسلىقتىن بولارنىڭ ھەممىسىنى تېپىشقا ئىشىنەتتىم، پىفودا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تىلشۇناسلىقنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىنى پۈتۈنلەي ھازىرلاپ بولغانىدى.»

نىچشىنىڭ كلاسسىك تىلشۇناسلىقنى تاللىشى، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە يۇنان ماتېرىياللىرىغا نىسبەتەن پەيدا بولغان چوڭقۇر قىزىقىشقا ئاساسەن بولغانىدى. شۇنداقلا، ئۇنىڭ يەنە كۆزدە تۇتقىنى بار ئىدى. نىچشى شۇ چاغدا 20 ياشقا كىرگەن بولۇپ، پىكرى ئۆتكۈر ھەم جانلىق ئىدى. مەزمۇنغا باي ئىستىقبالغا قايناق ھېسسىيات بىلەن قۇچاق ئاچقانىدى. ئۆزىنىڭ زېھنىي كۈچىنى ئارتۇقچە چېچىۋېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇ بىر پەننى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قىزىقىشىنى مۇقىملاشتۇرماقچى بولدى. ئۇ تېخى پەلسەپىنى بىلمىگەن چاغدا، تىلشۇناسلىق بىلەن بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىغىلى بولىدۇ دەپ ھېسابلىغانىدى، كېيىنكى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بۇنداق ئاز ـ تولا مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى قاتتىق ھەۋەس ئۇنىڭ رومانتىك قايناق ھېسسىياتىنى توسۇپ قالالمىدى.

بونن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىك ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا ئىتتىپاق تۈزۈش كەڭ ئومۇملاشقانىدى. نىچشى كۆپچىلىكتىن ئايرىلىپ تەنھا ياشاشتىن ساقلىنىش مەقسىتىدە «فالانكىيە» دەپ ئاتىلىدىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەشكىلاتىغا قاتناشتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە ھەپتە ئىچىدە ئۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىشنىڭ قىيىق ھەيدەشنىڭ، دەريا بويىدىكى كىچىك مەيخانىدا يەپ ـ ئىچىپ خۇشال ئۆتكەن چاغلىرىنىڭ ۋە كەچتە ئۆيگە قايتىش يولىدا ھەۋەس بىلەن ئېيتقان ناخشىلىرىنىڭ شادلىقىغا غەرق بولدى. ئۇ ھەتتا شۇ چاغدا كەڭ تارقالغان « ياخشى ئوقۇغۇچىلار »نىڭ ئۆلچىمى بويىچە بىر مەيدان دۇئېلغا چۈشۈپ بېقىشنى ئارزۇ قىلدى. نىچشى دۇئېلنى پىششىق بىلىدىغان بىر ساۋاقدىشىنى

رىقابەتچى قىلدى. دۆلەتلەردە نىچشې يارىلىنىپ ئىككى - ئۈچ كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن ساقايدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇنداق تراگېدىيىلىك چاقچىقىنى ئاياغلاشتۇردى، كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭ بۇنداق شاۋقۇن - سۈرەنلىك ئىجتىمائىي ئالاقە تۇرمۇشىدىن رايى يېنىپ كەتتى. لېكىن، ئۇ يەنە ساۋاقداشلىرى بىلەن بولغان بېرىش - كېلىشنى ئۈزۈپ قويۇشنى خالىمىدى. پەقەت خەۋەر ئالماش ۋە كىتابتىكى بىلىملەرگە ئاساسەن بۇ دۇنيانى ۋە كىشىلەرنى چۈشەندى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ دوستلىرىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى تەدرىجىي ھالدا ئەھمىيەتلىك قىلىش قارارىغا كەلدى. ھەتتا ئۆزىدە پۈتۈن گېرمانىيە ياشلىرىنى ئالغا ئىنتىلدۈرۈشكە تۈرتكە بولىدىغان زوقلاندۇرغۇچى تەسىر كۈچى بارلىقىنى چۈشەندى. بەختكە قارشى، نىچشې ئوتتۇرىغا قويغان ئاددىي زىياپەتلەرنى ئازايتىش ھەققىدىكى تەكلىپ ھېچقانداق ئۈنۈم بەرمىدى. ئەكسىچە، سوغۇق تەرزدە تەلىم بەرگۈچى دېگەن تەنە گەپلەرنى ئاڭلاپ، بارلىق دوستلۇقتىن مەھرۇم قالدى. ئۇ ئاخىر ئەدەپ بىلەن بايانات ئېلان قىلىپ، بۇ ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتىدىن چېكىنىپ چىقتى.

نىچشې پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۆگىنىشكە كىرىشتى، گەرچە ئېھتىياتلىق ۋە تىرىشچانلىق ئۇنى ھەتتا رىچىلنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن ئىلمىي ماقالىنى يازالايدىغان ھالغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم ئىدى. ئۇ ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىشىدىن زادى قانائەت ھاسىل قىلالمايتتى، ئاخىر نىچشېدا تۇنجى قېتىم روھىي كرىزىس پارتلىدى. كىشىلىك ھايات ھەرگىزمۇ بىر مەيدان كۆڭۈل ئېچىش ئەمەس، ئۇ ئىجابىي، ھەقىقىي، ئەھمىيەتلىك بولغان بىر خىل كىشىلىك ھاياتنى تاپماقچى بولدى. ئۇنىڭ بۇ مەقسىتىگە يېتىشتىكى يولى زادى قەيەردە؟ نىچشې سەۋرچانلىق بىلەن ئويلاندى، يېزىغا بېرىپ سەيلە قىلدى ياكى تەنھا ھالدا ئۆزىنىڭ ئۆيىگە بېكىنىپ سەنئەت تارىخى ۋە بېتخوۋېننىڭ تۇرمۇشىنى

تەتقىق قىلدى.

نىچشېنىڭ ئۆگىنىشىمۇ ئوڭۇشلۇق بولغىنى يوق. ئىلاھىيەت دەرسىنى ئاڭلاش ئەكسىچە ئۇنىڭ خرىستىيان دىنىغا بولغان گۇمانىنى كۈچەيتىۋەتتى. ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ خاتىرجەم، ئازادە تۇرمۇش غايىسىگە قانائەتلەنمىدى. ئۇ نۇرغۇن كىشىلىك ھايات مەسىلىلىرى ئۈستىدە پىكىر قىلدى ۋە ئويلاندى. خرىستىيان دىنىنى تېخىمۇ چۈشىنىشى ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى مەنىۋى ئىزدىنىش ئەھۋالىنى بىرقەدەر تىپىك ھالدا ئەكس ئەتتۈردى. نىچشېنىڭ سىڭلىسى ئۇنىڭغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى ھامان ئەڭ ئازابلىق ئىش ئىچىدىن ھەقىقەت ئىزدەشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. ھازىرقى كۈنلەردە بىر كىشىنىڭ خرىستىيان دىنىنىڭ ئەھمىيىتىگە ئىشىنىشى ئانچە قىيىن ئەمەس، شۇڭا خرىستىيان دىنىنىڭ ئەھمىيىتى چىنلىقتۇر.» ئۇ دەرھال ئاكىسىنىڭ كەسكىن سۆزلەر بىلەن يازغان جاۋاب خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى:

«سەن ئېتىراپ قىلىش كېرەك دەپ ھېس قىلغان ھەممىدە قوبۇل قىلغانلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىم ئىچىدە بولغان، ئاز ـ ئازدىن چوڭقۇر ھالدا بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز ئىچىدە يىلتىز تارتقان. بىزنىڭ يېقىن دوستلىرىمىز ۋە كۆپلىگەن ئاتاقلىق كىشىلەر تەرىپىدىن ھەقىقەت دەپ قارالغان. ھالبۇكى، ئۇنىڭ چىنلىق ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىگە قارىماي شەك ـ شۈبھىسىز ھالدا كىشىلەرگە تەسەللى ۋە ئىلھام بېرىۋاتقان ئېتىقادنى قوبۇل قىلىش ھەقىقەتەن شۇنداق قىيىنمۇ؟ سەن بۇنداق بىر خىل قوبۇل قىلىشنىڭ بىر مەيدان گۇمان ۋە يەككە ـ يېگانىلىك ئىچىدە روياپقا چىقىشى، روھىي جەھەتتىكى خىلمۇخىل ئازابلىنىش ھەتتا ئۆكۈنۈشتىن كىشىنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىشى، بىر كىشىنىڭ جىمى ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىلەن تىغمۇتىغ كۆرەش قىلىشى، ئادەم بىر قېتىملىق ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالسىمۇ،

لېكىن داۋاملىق توختىماي ئىزدىنىش ئىچىدە ھەقىقەت، ياخشىلىق، گۈزەللىككە بارىدىغان يېڭى يولنى تېپىش كۆرىشىدىنمۇ قىيىن دەپ قارامسەن؟ »

«بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن قانداق نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ؟ بىز پىششىق بىلىدىغان خۇدا، بۇ دۇنيا ۋە گۇناھىدىن ساقىت بولۇش توغرىسىدىكى ئاشۇنداق خىلمۇخىل قاراشلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز كېرەكمۇ؟ ھەقىقىي ئىزدەنگۈچىگە نىسبەتەن، ئۇنىڭ جان پىدالىق بىلەن تىرىشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى پۇتۇنلەي ئوخشىمايدىغان نەرسە بولۇپ ئېنىق كۆرۈنەمدۇ؟ بىزنىڭ ئىزدەۋاتقىنىمىز نېمە؟ خاتىرجەملىك ۋە بەختمۇ؟ ياق ھەقىقەتتىن باشقا ھېچنېمە ئەمەس. گەرچە ئۇ ئېھتىمال ئازابلىق قورقۇنچلۇق بولسىمۇ.»

نىچشې ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئىككى خىل تاللاشنى ئېنىق كۆردى: «... مانا بۇ ئايرىلىپ چىققان كۆپچىلىكنىڭ يولى ئىدى؛ ئەگەر سەن قەلبىڭنىڭ خاتىرجەملىكى ۋە بەختىنى ئارزۇ قىلساڭ ئېتىقاد قىلغۇەر؛ ئەگەر سەن ھەقىقەتنىڭ ئەگەشكۈچىسى بولىدىكەنسەن... ئىزدەنگىن ...»

ئىدىيە جەھەتتە نىسىۋىسىگە مەڭگۈ شۈكۈر قىلمايدىغان نىچشې دەل كۆپچىلىك بىلەن ئوخشاش بولمىغان جاپا ـ مۇشەققەتكە تولغان مۇشۇنداق ئىزدىنىش يولىغا ماڭدى. يەنە كېلىپ ئۇنى بىر ئۆمۈر داۋاملاشتۇردى. ھەرقانداق توسالغۇ، مۇشكۈلاتتىن زادى قورقمىدى، لېكىن دەسلەپ نىچشې بۇنداق ئۇرۇنۇش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ بىخۇدلاشقان روھىنى ئويغىتىش ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن چۇقان سېلىشنىڭ قانداقتۇر بىر خىل زېرىكەرلىك يەككە ـ يېگانە كۈرەش قىلىش ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يەتمىگەندەك ئىدى. ئۇنىڭ بونن ئۇنىۋېرسىتېتىدا سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىشى ۋە ئازابلىنىشى پەقەت بىر باشلىنىش ئىدى. نىچشې يەنە ئەڭ دەسلەپكى بۇ غېرىبلىقنى تەستە قوبۇل قىلدى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسى رىچىل بىلەن يان

uyghurkitap.com

ئوتتۇرىسىدىكى ئىلمىي ئېقىم توقۇنۇشى نىچشىنى قاتتىق ئازابلىدى، ئۇ ئاخىر بونندىن ئايرىلىپ لېيپسىگ ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ داۋاملىق ئوقۇشنى قارار قىلدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، رىچىلمۇ لېيپسىگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى، نىچشى قىلچە تارتىنماي يېڭى يولغا قەدەم تاشلىدى.

يېرىم كېچىدە نىچشى كىچىك كېمىسى ( پاروم ) گە چىقىپ، رېيىن دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى گۈزەل يېزىلار ۋە ئاۋات شەھەرلەرگە قارىدى ۋە بونن دەرياسى بويىدىكى كىچىك چىراغنىڭ يىراقلىشىۋاتقانلىقىنى سەزدى. «مەن ھېچ ئىش قىلالمىدىم» دېگەندەك ئۆزىنى ئەيىبلەش ھېسسىياتى ئىچىدە بونندىن ئايرىلدى.

نىچشى لېيپسىگ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېلىپ تىزىمغا ئالدۇرغاندا، دەل مەكتەپنىڭ بايرام كۈنى ئىدى. مەكتەپ مۇدىرى ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا: «100 يىلدىن بۇيانقى بۈگۈنكى كۈندە گېيوتې بۇ جايدا تىزىمغا ئالدۇرغانىدى. تالانت ھەرقايسىڭلارغا باغلىق يول» دېدى. ئېھتىياتچان مەكتەپ مۇدىرىنىڭ مۇنداق دېيىشى ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە ئۇلارغا گېيوتې مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا بىر ياخشى ئوقۇغۇچى ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ياشلىق دەۋرىنى دورىماڭلار، دېدى. «تالانت ھەرقايسىڭلارغا باغلىق يول»، لېيپسىگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى بۇنداق دېگەن چاغدا، ئۇ يېڭى قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە، بىر ئوقۇغۇچىنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق مەكتەپ تەربىيىسى ئۈستىدە ئەڭ ياخشى چۈشەنچە بېرىدىغانلىقىنى ۋە يەنە ئۇنى ئىسپاتلاپ چىقىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

نىچشى بۇرۇن يازغان بەزى شېئىرلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىپ،

قـايـتـمـدىـن ئـۆگـىـنـىـشـكـە ئـاتـلانـدى. ئـۇ، قـەدىـمـكـى يـۇنـان ماتېرىيالىلىرىنى تەتقىق قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى دىئوگېن لائېرتىئونىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان چاغدا پەلسەپىگە قىزىقىپ قالدى. لېكىن، ئۇنى پەلسەپە يولىغا مېڭىشقا ھەقىقىي يېتەكلىگەن كىشى شوپېنخاۋېر ئىدى.

ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرىدا نىچشې بىر كونا كىتابخانىدا 1819 ـ يىلى نەشر قىلىنغان شوپېنخاۋېرنىڭ «ئىراده بىلەن تەسەۋۋۇر سۈپىتىدىكى دۇنيا» دېگەن ئەسىرىنى تۇيۇقسىز ئۇچرىتىپ قالدى. ئۇ بۇرۇن ئۇ كىتابنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ، كىتابنى قولىغا ئېلىپ ۋاراقلاۋاتقاندا كىمدۇر بىرى ئۇنىڭغا ئاستاغىنا «بۇ كىتابنى سېتىۋېلىپ ئۆيگە ئەكەتكىن» دېگەندەك قىلدى. ئۇنىڭ ئادىتى كىتاب سېتىۋېلىشقا ئالدىرىمايتتى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى. ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇ ساپادا ئولتۇرۇپ بۇ ئاجايىپ كىتابنى ئوقۇشقا باشلىدى. كىتابتىكى قەيسەرانە، تۇتۇق روھ ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. شوپېنخاۋېرنىڭ يېزىش ئۇسلۇبى، سۆزلىرىنىڭ ئېنىقلىقى ۋە جۈملە تۈزۈشىنىڭ تەبىئىي ھەم چوڭقۇرلۇقى ئۇنى تەسىرلەندۈردى. نىچشې كېيىن ئەسلەپ: «قايىل قىلارلىق ئەمما بۇرۇقتۇرمىلىق بىلەن تولغان بۇ نادىر ئەسەر باشتىلا مېنىڭ قەلبىمنى ئىگىلىۋالدى. كىتابنىڭ ھەربىر قۇرى ھالقىش، ئىنكار قىلىش ۋە كارى بولماسلىق ساداسىنى چىقىراتتى. مەن بىر قېتىم پۈتۈن دۇنيا، تۇرمۇش ۋە قەلبىمنى ئىنتايىن چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرگەن ئەينەكنى كۆردۈم» دېگەن.

شوپېنخاۋېر ئادەتتىكى بىر ئادەمنىڭ نەزىرىدىكى قورقۇنچلۇق دۇنيانى سۈرەتلەپ، ئۇ جايدا سىرلىق خۇدانىڭ ئىدارە قىلىشى يوق، پەقەت ئۆزگەرمەس ھەر خىل قانۇن، زامان ۋە ماكانغا تايىنىپ دۇنيانى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. دۇنيانىڭ ماھىيىتى كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىدۇر. چەكسىز، ئۆزگەرمەيدىغان ئىراده ماكاننىڭ ئايرىۋېتىشىگە ۋە ئاسارىتىگە ئۇچرىغانلىقتىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى

ئۆزىدىكى ئازابلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تۇرمۇش بىر خىل ئۈمىد، ئۈمىد بىر خىل چەكسىز ئازابتۇر. ئىرادە ئەقىلنىڭ بىر خىل ئەكس تەسىرى ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭدا ھەم مۇقەددىمە بولمايدۇ ھەم خاتىمىمۇ بولمايدۇ؛ ئۇ بىمەنە بولىدۇ. ئۇ ئىلگىرى سۈرۈۋاتقان ئالەم ئاخىرسىز بولىدۇ ... دېگەن.

نىچشى بۇ 2000 بەتتىن ئارتۇق ئابستراكت كىتابنى تەشنالىق بىلەن ئوقۇپ چىقتى. ئۇنىڭدا كىشىنى چۆچۈتىدىغان كۈچ بىلەن 19 ـ ئەسىردىكى بارلىق ساددا ئېتىقادقا زەربە بېرىلىپ، ئىنسانلارنىڭ ساددا مېڭىسىدىكى شېرىن چۈشلىرى، تۇيغۇلىرى، سەمىمىيلىكى ۋە پىششىق بىلىدىغان نەرسىلىرى ئېچىپ تاشلانغانىدى. ئۇ خرىستوستىن گۇمانلىنىش داۋامىدا ئوخشاش بىر خىل قورقۇنچلۇق خىيالىي نەرسىنى ئالدىن پەرەز قىلغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ پىششىپ يېتىلمىگەنلىكى ۋە ئۆزىگە ئىشەنمەسلىكى تۈپەيلىدىن ئارىسالدىچىلىق ئىچىدە قېلىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەي بىر ئىزىدا توختاپ قالغانىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ قورقمايتتى. چۈنكى، ئۇ يالغۇز ئەمەس ئىدى. ئۇ بىر مەسلەكداش مۇئەللىم ۋە سەپداش تاپقانىدى. دەل شوپېنخاۋېر ئېيتقانىدەك: «مېنىڭچە بىر ئادەم تاپقان ھەقىقەت ياكى ئۇ قاراڭغۇلۇقتا چۈشكەن نۇر بولسىمۇ ھامان بىر كۈنى يەنە بىر پىكىر قىلغۇچىنى تەسىرلەندۈرۈپ ھاياجانلاندۇرىدۇ، چەكسىز خۇشال قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا تەسەللى ئەكېلىدۇ؛ دەل بۇنداق بىر ئادەمگە نىسبەتەن، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، خۇددى باشقىلار ۋە بىزگە ئوخشاشلار ئەقىلنىڭ بۇ كىشىلىك ھايات باياۋانلىرىدا بىزگە بۇرۇن ئېيتىپ بەرگەن ھەمدە بىزگە تەسەللى بەرگەندەك، گويا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان بىر تالانت ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەرگەنگە ئوخشاش، نىچشى بۇنىڭغا نىسبەتەن تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش ھاسىل قىلدى ھەمدە كۈچلۈك ھېسداشلىق قىلدى.

نىچشى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ ئەسەرنى ئوقۇپ، دائىم بىر خىل ئاجايىپ، كىشىنى تىترىتىدىغان قايناق

ھېسسىياتقا ئىگە بولدى. شوپېنخاۋېر ھاياتنى ئىنكار قىلدى. ئەمما، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇشۇنداق كۈچلۈك ھاياتىي كۈچ بار ئىدى. شۇنداقلا ئۇ كىتابىدا ھاياتنى قاتتىق ئەيىبلىگەن بولسىمۇ، بىر ئادەمنىڭ كۆرىدىغىنى ھەم مەدھىيىلەيدىغىنى يەنىلا ھاياتلىق ئىدى. شوپېنخاۋېر: ھاياتلىق ئۆلگەنگە قەدەر ئازاب ـ ئوقۇبەت بىلەن تولغان بولىدۇ، كىشى بۇ ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتۇلماقچى بولىدىكەن ئىككى خىل ئۇسۇل بار: بىر خىلى، ئەخلاقىي قىلمىش ــ ئىرادىدىن ۋاز كېچىشتۇر، يەنە بىر خىلى، گۈزەللىكنىڭ كۆرسەتمىلىكى ئالدىنقىسى تەلتۆكۈس بولىدۇ، كېيىنكىسى بىر دەملىك قۇتۇلدۇرۇش بولىدۇ. ئەقلىي بىلىش ۋە ھەرىكەتنىڭ ئېھتىماللىقى بىر خىل ئىلغارلىق ئەمەس. سوقراتنىڭ، ھەتتا خرىستىئان دىنىنىڭ ئېتىكىسىدا ھېچقانداق ئۈمىد يوق، دەپ قارايدۇ.

نىچشېنى غەيرىي ئەقلىي، غەيرىي ئەخلاقىي بولغان بۇنداق ئۈمىدسىزلىك چوڭقۇر جەلپ قىلىۋالدى، بۇلار ئۇنىڭ غەلىتە مىجەزىگە ماس كېلىپلا قالماي، بەلكى شوپېنخاۋېر ئېستېتىكا كۆزقارىشى بىلەن دىنىنىڭ ئاسارىتىگە ئۇچرىماسلىق كۆزقارىشىمۇ ئۇنى قايىل قىلدى. ئۇ قىزغىنلىق بىلەن ئۆزىنىڭ سىڭلىسى ۋە دوستلىرىغا شوپېنخاۋېرنى تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ ئەمگىكى ۋە تەسىرى ئاستىدا ئارىلىشىدىغان ھەممە كىشى شوپېنخاۋېرنىڭ مۇرىتى بولۇپ قالدى. شوپېنخاۋېر ئادەتتىكى ئاددىي ئادەمنى كالتە پەم ئادەم دەپ ئاتىدى. بۇنى تالانتلىق كىشىلەرگە مۇنداق ئىسپاتلىغانىدى: ئۇلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقتىن، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت بىلەن ئۇچرىشىشتىن مەھرۇم بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. قىيىن ئەھۋالدا تەبىئىي نەرسىلەر بىلەن قارىمۇقارشىلىشىپ قېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. نىچشې بۇنىندا دەسلەپكى زەربىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، بۇنى بىر خىل قوللاش ۋە تەسەللى دەپ قارىدى. ئۇ بىر مەنىۋى يول باشلىغۇچىنى تاپقانلىقى ئۈچۈن خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي

كەتتى. شۇنداقلا، ئەگەر ئالتە يىل ئىلگىرى، شوپېنخاۋېر ئېنىڭ ھايات چاغدا، مەن بۇ ئالىمنىڭ تەلىمىنى ئاڭلىيالىغان بولسام ھەمدە ئۇنىڭغا قەلبىمدىكى قىزغىن ئىززەت ـ ئىكراممنى بىلدۈرەلىگەن بولسام، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە! دەپ ئەپسۇسلاندى.

ياش نىچشېنىڭ ئەينى چاغدىكى چۈشەنچىسى بويىچە شوپېنخاۋېرنىڭ پەلسەپىسىگە پۈتۈنلەي بېرىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ ھەتتا گېرمانىيىنىڭ يەنە بىر پەيلاسوپى لانگېنىڭ «ماتېرىيالىزم تارىخى»نىمۇ خاتا ھالدا شوپېنخاۋېرنىڭ سىستېمىسىنى ياقلايدىغان كىتاب دەپ قارىدى. شوپېنخاۋېرنىڭ پەلسەپىسى نىچشېنىڭ مەنىۋى تۇۋرۈكىگە ئايلاندى، ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى ئېتىقادى تامامەن گۇمران بولدى. پوپنىڭ بۇ ئوغلى پەلسەپە تەلىمى بىلەن تەسىرلەندۈرۈش ئارقىلىق دىنىي تەسىرلەندۈرۈشنىڭ بوشلۇقىنى تولدۇردى.

نىچشې شوپېنخاۋېرنىڭ پەلسەپىسىنى مۇلاھىزە قىلدى ھەمدە دائىم ئۇنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۆزى ئۈستىدە ئويلاندى. ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى قەيسەر ئەمەس، دائىم تۇرمۇش ۋە شۆھرەتپەرەسلىكتىن كېلىدىغان ئازدۇرۇشقا ئۇچرىغان، دەپ قارىدى، شۇنداق قىلىپ شوپېنخاۋېرنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇغان مەزگىلدە، ئۇ ئۆزىگە ھەر كۈنى كېچىسى سائەت 2 دە كارىۋاتقا چىقىپ ئۇخلاش، ئەتىگىنى سائەت دەل 6 دە ئورنىدىن تۇرۇشتىن ئىبارەت تەن جازاسى بەردى. نىچشېنىڭ ئاتالمىش تۇرمۇشى ۋە شۆھرەتپەرەسلىكنىڭ ئازدۇرۇشى ئۇنىڭغا بىر قېتىملىق قىسقىغىنا مۇھەببەت ئوتىنى تۇتاشتۇردى. ئۇ لېيپسىگكە كېلىپ سەييارە ئويۇن قويغان ئارتىس قىز ھېۋىدىڭ رابونى ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئۇ قىزنىڭ سەنئەت نومۇرىنى ئورۇندىشىغا مەپتۇن بولۇپ قالدى، ئەمما بۇ تارتىنچاق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ قولىدىن كەلگىنى پەقەت بىرنەچچە كۇپلېت شېئىر يېزىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەسەبىيلىكىنى قوشۇپ، بىر ئاز

ياسالمىلىق بىلەن يېزىلغان بىغشلىمىنى ئۆزىنىڭ سۆيگىنىگە ئەۋەتىپ بېرىش بولدى. مىجەزى ئۆزگىچە بولغان نىچشې يات جىنسلىقلار بىلەن ئالاقە قىلغاندا دائىم ئېھتىيات قىلىش بىلەن ئۆزىنى تازا قويۇۋېتەلمەيتتى، شۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىملىق مۇھەببىتى سۇغا چىلاشتى.

نىچشې تۇنجى قېتىملىق مۇھەببەتتە مەغلۇپ بولغىنى بىلەن، ئەمما ئۆگىنىشتە ئەلا ۋە كۆرۈنەرلىك ئىدى. مۇئەللىمى رىچىلنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇ لېيپسىگتا تىلشۇناسلىق جەمئىيىتىنى تەسىس قىلدى. ئىككىنچى قېتىملىق يىغىندا نىچشې سىئوگىنس (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى ئالتە ئەسىردىكى مېگارا شائىرى) شېئىرلىرى توغرىسىدا يېرىم كۈن دوكلات بەردى ھەمدە نۇتۇق ئورىگىنالىنى پروفېسسور رىچىلنىڭ ئوقۇپ چىقىشىغا ئەۋەتىپ بەردى. پروفېسسور بۇنى ئۆزى كۆرۈپ چىققان تۆۋەن يىللىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يازغان ئەسەر ئىچىدىكى ئەڭ ئۆتكۈر، ئەمما ئېھتىياتچانلىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزگەن ماقالە، دەپ ھېسابلىدى. بۇ ماقالە كېيىن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئىلمىي ماقالە سۈپىتىدە «رېيىن مۇزېي» ژۇرنىلىغا بېسىلدى. نىچشې تىلشۇناسلىق ساھەسىدە نام چىقىرىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ مۇئەللىمى رىچىل ئۇنى «لېيپسىگ ياش تىلشۇناسلار ساھەسىدىكى مەبۇد» دېدى. نىچشې ئەينى چاغدا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇنى ئۆزىنىڭ تىلشۇناس ھاياتىنىڭ باشلانغانلىقى دەپ قارىدى ۋە ئۇ ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ بېرىلىپ ئۆگەندى، ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى لېيپسىگ كۇتۇپخانىسىدا ئۆتكۈزدى.

نىچشېنىڭ مۇئەللىمى رىچىل سەنئەتچىلەرگە خاس خىسلەتكە باي ئالىم ئىدى. ئۇنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرى كامالەتكە يەتكەن بولۇپ، ئېستېتىك ھاياتقا ئىگە ئىدى. ئۇ شاگىرتىنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشكەنىدى ۋە نىچشې بىلەن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر دوستلۇقنى ئورناتقانىدى.

ئۇلار ھەپتىدە ئىككى قېتىم كەچلىك تاماق ۋاقتىدا مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلاتتى.

لېيپىسگتىكى مەزگىلىدە نىچشې رىچىلنىڭ يەنە بىر شاگىرتى رودې بىلەن دوستلۇق ئورناتتى. رودې نىچشېدىن بىر ياش كىچىك ئىدى. ئۇمۇ نىچشېگە ئوخشاش 1865 ـ يىلى يازدا بوندا ئوقۇغان، كېيىن رىچىلغا ئەگىشىپ لېيپىسگقا كەلگەنىدى. رودې ئەقىللىق، تېتىك بولۇپ، مۇنازىرە قىلىشقا ئامراق، ئاجايىپ تىلشۇناسلىق ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى. بەزى جەھەتلەردە نىچشېنىڭ قابىلىيىتى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۇلار بوندىكى چاغدا تونۇشقان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن نىچشېنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «ئۇ چاغدا ئۇلارنى مۇناسىۋەتنى ئۆزگەن بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى دېيىشكە بولاتتى.» دوستلۇق لېيپىسگقا بارغاندىن كېيىن باشلاندى. ئۆگىنىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرى ئىككىسى بىرلىكتە سەيلە قىلاتتى ياكى ئات مىنەتتى ۋە ياكى ھەر خىل مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىماي سۆزلىشەتتى، نىچشې مۇنداق دوستلۇقنى تەسۋىرلەپ:

«بىزنىڭ پۈتۈنلەي باشقىچە غەرىزىمىز يوق ئىدى. لېكىن، بىر خىل ئىشەنچلىك تەبىئىي تۇيغۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىر كۈننىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى بىرلىكتە ئۆتكۈزەتتۇق. چاكىنا مەنىدىن ئېيتقاندا، بىز كۆپ ئىشلارنى ئىشلىمىدۇق، شۇنداق بولسىمۇ بىز بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن ھەرقايسى كۈنلەرنى ھاسىلات، دەپ ھېسابلايمىز. مەن تۇنجى قېتىم مەنىۋى ۋە پەلسەپە ئاساسىغا ئورنىتىلگەن بۇنداق دوستلۇقتىن خۇشاللىق ھېس قىلدىم. بىز دائىم كەسكىن مۇنازىرىنى قانات يايدۇراتتۇق. چۈنكى، بىزنىڭ كۆپلىگەن كۆزقاراش ۋە پىكرىمىز بىردەك ئەمەس ئىدى. بىراق، ئۇ بىزنىڭ سۆھبىتىمىزدە تېخىمۇ چوڭقۇر ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشقا تۈرتكە بولاتتى؛ كۆپ ئۆتمەي بىردەك بولمىغان ھەر خىل قاراشلار توغرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلار توختىدى. ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا ئۇرغۇپ تۇرغىنى پەقەت بىر

خىل تىنچلىق ۋە پۈتۈنلەي بىردەكلىك بولدى» دېگەن.

ئۇلار يازلىق تەتىلدە بىرلىكتە پىيادە ساياھەت قىلىشنى مەسلىھەتلەشتى. ئاۋغۇستىنىڭ بېشىدا ئىككىسى لېيپسىگتىن ئايرىلىپ، ئاھالىسى شالاڭ بولغان بوخمېيە چېگرا رايونىغا باردى. ئۇ جاينىڭ يەر تۈزۈلۈشى كەڭ، دەل ـ دەرەخلەر قويۇق ئۆسكەن بولۇپ، مەنزىرىسى كۆركەم ئىدى، نىچشې بىلەن رودې پەيلاسوپلارچە سەيلە قىلىپ كۈنلىرىنى خۇشۋاق ئۆتكۈزدى. ئۇلار يول ھازىرلىقلىرىنى يېنىك قىلىپ كۆچلۈك قەدەملەر بىلەن بىر تۆپىلىكتىن يەنە بىر تۆپىلىككە ماڭدى، بىر مېھمانخانىدىن يەنە بىر مېھمانخانىغا كۆچۈپ باردى، ھەر كۈنى غەم ـ قايغۇسىز ئۆتكۈزدى. ئۇلار شوپېنخاۋېر، بېتخوۋېن ئۈستىدە پاراڭلاشتى، گېرمانىيە، قەدىمكى يۇنان توغرىسىدا مۇھاكىمە قىلدى. شوپېنخاۋېر بىلەن ۋاگنېرنى ياخشى كۆرۈشى، يۇنان مەدەنىيىتىگە بولغان چوقۇنۇشى، ھازىرقى زاماندىكى تەنقىد پوزىتسىيىسىگە قارشى تۇرۇشى ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى ئۆزلىرى بىلىشىدىغان ئىش بولۇپ قالدى. بۇ ھەم بىر قېتىملىق خۇشاللىق پىيادە يول يۈرۈش، ھەم بىر قېتىملىق ئەستايىدىل مەنىۋى سەپەر بولدى.

ئۇلار ئورمانلىقتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، مېيىنىنگېن شەھىرىگە بېرىپ ۋاگنېرنىڭ شاگىرتلىرى ئۆتكۈزگەن كونسېرتنى كۆردى، كونسېرت ئاياغلىشىپ ئەتىسى ھەرقايسىسى ئۆيلىرىگە قايتتى.

نانبۇرگقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەر خىل خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە ۋە كەڭ دائىرىدە كىتاب ئوقۇشقا كىرىشتى. ئۇ ھارتمان، ديۇرىڭ، لانگې، باسېن قاتارلىق گېرمانىيە ياش پەيلاسوپلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلدى. ئۇ قىزغىن خىزمەت قىلىۋاتقان چاغدا ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، ئۇزاقتىن بۇيانقى ئۆزلۈكسىز خىزمەت قىلىش ئادىتى بۇزۇلۇپ تاشلاندى.

1866 ـ يىلى ئىيۇلدا پرۇسسىيە ـ ئاۋستىرىيە ئۇرۇشى پارتلىدى. پرۇسسىيە باش ۋەزىرى بىسمارك قاتتىق قوللۇق «قانلىق سىياسەت»نى يولغا قويۇپ، قورال كۈچى بىلەن گېرمانىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە بەل باغلىدى. ئىيۇلدا ئاۋستىرىيە ئارمىيىسى پرۇسسىيە ئارمىيىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. نىچشې گېرمانىيىنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكىنى خۇشاللىق بىلەن كۆردى. لېكىن، يەنە ئاۋستىرىيىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا قاتتىق ئېچىندى، ئۇ ياخشى دوستى ۋىلگەلمىم بىندقا يازغان خېتىدە بىسماركنىڭ ئۇسۇلىغا دەككە بېرىپ، «يۈكسەك نىشاننى ھەرگىزمۇ رەزىل ۋاستىدە ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرماسلىق كېرەك» دەپ قارىدى.

شۇ چاغدا لېيپىسگ تۇيۇقسىز تاجاۋۇزغا ئۇچرىدى. نىچشې سىرتقى جايغا بېرىپ ئانىسى بىلەن پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولدى. ئىككىنچى يىلى كۈز كۈنى پرۇسسىيە ئارمىيىسى كۆپلەپ ئەسكەر قوبۇل قىلدى. بۇرۇن نىچشې كۆزىنىڭ يىراقنى كۆرەلمەسلىكى بىلەن ھەربىي خىزمەت ئۆتەشتىن خالاس قىلىنغانىدى، بۇ قېتىم ئۇ چاقىرىق بويىچە پىيادىلەر قوشۇنىغا قاتناشتى. دەسلەپتە ھەر كۈنى يېرىم سائەتلىك كەچلىك تاماقتىن باشقا، ئەتىگەن سائەت 7 دىن كەچ سائەت 6 گىچە مەشىق قىلاتتى. لېكىن، ئۇ ھەر كۈنى ئۆيدە تۇرۇش مۇئامىلىسىدىن بەھرىمەن بولدى. بۇنداق بولغاندا، ھەر كۈنى ئاخشىمى داۋاملىق ئۆگىنىشكە بولاتتى. ئۇ: «مەن ئۆيگە قايتقان چاغدا ھېرىپ ھالىمدىن كېتەتتىم. پۈتۈن بەدىنىم تەرگە چۆمۈلەتتى، بىراق ئۈستەل ئۈستىدىكى رودې ئەۋەتىپ بەرگەن شوپېنخاۋېرنىڭ سۈرىتىنى كۆرگەندىلا كۆڭلۈم ئارام تاپاتتى» دېگەن.

نىچشې ھەربىي تۇرمۇشنى ياقتۇرمايتتى، لېكىن جىددىي تۈستە جاپالىق تەربىيىنى قوبۇل قىلىشقا تىرىشاتتى. ئۇ ياشلارغا خاس قايناق ھېسسىيات بىلەن، ئۆزىنى ۋەتەن ئۈچۈن

خىزمەت قىلىدىغان بىر جاپاكەشكە ۋە كۆزگە كۆرۈنەرلىك بىر توپچىغا ئايلاندۇرۇش كېرەكلىكىنى ھېس قىلاتتى. بۇنداق قەھرىمانلارچە قورقماس روھىي ھالىتى ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت داۋاملاشتى، توپچى قىسىمدا ئالتە ھەپتە سەپتە تۇرۇش ۋە ئاتقا مىنىش ماھارىتىنى مەشىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئوفىتسىرلىق تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلىشقا تەييارلاناتتى. ھەربىي تۇرمۇش كۆڭۈللۈك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ غېرىبسىنىپ قالدى. ياخشى دوستى رودېلغا يازغان خېتىدە: «مەن نانبۇرگتا بەك غېرىبسىناتتىم، تونۇش ـ بىلىشلىرىم ئىچىدە بىرمۇ تىلشۇناس ياكى شوپېنخاۋېرنىڭ قىزغىن چوقۇنغۇچىلىرى يوق ئىدى» دېگەن. ئۇ بىر ئادەم ئەدەبىياتقا ئىنتايىن قىزىقسا ھەمدە ئەتىدىن ـ كەچكىچە پەلسەپە مەسىلىلىرىنى مۇلاھىزە قىلغان چاغدا لۇغەتكە بەند بولۇپ قالسا، ئاتقا مىنىپ ئۇرۇش مەيدانىغا چاپىدىغان توپچى بولسا ھەقىقەتەن ئىنتايىن چوڭ بىر خىل كۆڭۈلسىزلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى.

بىر قېتىملىق كۈتۈلمىگەن ۋەقە نىچشېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. ھەربىي مەشىق قىلىۋاتقاندا نىچشې ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ، قوۋۇرغا سۆڭىكى يارىلاندى، قىسقا ۋاقىتتا ساقىيىپ كەتمەيتتى تاكى ھەربىي مەجبۇرىيەت ۋاقتى توشقۇچە دەم ئېلىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇ بۇ مەزگىلدىكى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ بىمالال ھالدا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان تەتقىقات ۋە مۇھاكىمە قىلىشنى باشلىۋەتتى. بەدىنىدىكى جاراھەت ئاغرىغاندىن باشقا، بۇ قېتىمقى دەم ئېلىش ئۇنىڭغا ناھايىتى زور ئىلتىپات ھېسابلىناتتى. بۇ يېرىم يىل ئىچىدە ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپنىڭ دەرسلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى ھەم جاپالىق ھەربىي ئىشلارنى ئۈستىگە ئېلىشىنىڭمۇ ھاجىتى بولمىغاچقا، بىر خىل پۈتۈنلەي ئەركىن تۇرمۇش كەچۈردى. ئۇ غېرىب ـ يېگانە ھالەتكە چۆمۈپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن پەلسەپە ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىسى ئۈستىدە ئويلاندى.

شۇ يىلى يازدا نىچشې ساقايدى. ئۇزاق بىر مەزگىللىك ۋاقىتتا ئۆزىنى قامال قىلىش شەكلى بىلەن ئۆگىنىش ۋە ئويلىنىش ئارقىلىق ئۇنىڭدا مۇزىكا، ئىجتىمائىي ئالاقە، سۆھبەتلىشىش، تىياتىر كۆرۈش بىلەن ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنىڭ تۇرمۇش مەزمۇنىغا نىسبەتەن بىر خىل كۈچلۈك ئىنتىلىش پەيدا قىلدى. ئۇ قايتىدىن لېيپسىگكە قايتىپ كېلىپ، مۇئەللىمى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. شۇ چاغدا تېخى 24 ياشقا كىرمىگەن نىچشېنىڭ ئىستىقبالى پارلاق ئىدى. ئۇ بېرلىندىكى بىر مۇھىم ئوبزور ژۇرنىلىنىڭ تەكلىپى بويىچە تارىخ تەتقىقاتىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئىلمىي ماقالىلەرنى يازدى. لېيپسىگدىكى بىر مۇزىكا ژۇرنىلى ئۇنى مۇھەررىرلىككە قايتا ـ قايتا تەكلىپ قىلغاندا، ئۇ بۇ ئىشنى رەت قىلدى.

بۇنىڭدىن باشقا، نىچشېنىڭ تۇرمۇشىغا يەنە ئىنتايىن چوڭ خۇشاللىق قوشۇلدى. ئۇ بىر يېڭى تالانت ئىگىسى رىخارد ۋاگنېر بىلەن تونۇشتى: ۋاگنېر ئاسان ھاياجانلىنىدىغان شائىر، كومپوزىتور، سىياسىيون، پەيلاسوپ ئىدى. 1868 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۇ ميۇنخېندا ھەيۋەتلىك ۋە ھەشەمەتلىك شېئىرىي دراما قويۇپ، نېمىس مىللىتىنىڭ ئۆزگىچە سەنئەت ۋە روھىنى ئىنتايىن تولۇق ئىپادىلەپ، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. نىچشېمۇ درامىدىكى ئاجايىپ گۈزەللىكتىن چوڭقۇر تەسىرلەندى. ئۇ رودېغا يازغان خېتىدە: «ماڭا نىسبەتەن ۋاگنېرنىڭ مۇزىكىسىنى ئاڭلاش بىۋاسىتە سېزىم بىلەن كىشىنى ئىنتايىن خۇشال قىلىدىغان ئىش، ھەقىقەتەن، ئۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئۆز ـ ئۆزىنى بايقاش» دېگەن. ۋاگنېرنىڭ شېئىرىي درامىسىدىكى نېمىس مىللىتىنىڭ روھىغا قارىتىلغان قىزغىن چاقىرىق نىچشېنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىدى. ئۇ كۆڭلىدىكى مۇنداق يېقىن ئادىمى بىلەن تونۇشۇشنى جىددىي ئارزۇ قىلدى.

بىر كۈنى كەچتە نىچشې ئۆيىگە قايتىدىغان چاغدا بىر

باغاقچىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭدا: «ئەگەر سىز رىخارد ۋاگنېر بىلەن ئۇچراشماقچى بولسىڭىز سائەت 3 تىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە تىياتىرخانىنىڭ قەھۋەخانىسىغا بېرىڭ ــــ ۋەن دېيىك» دەپ يېزىلغانىدى. ئەسلىدە ۋاگنېر ئەسلىي ئىسمىنى يوشۇرۇپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن لېيپسىگدىكى سىڭلىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتاتتى. ۋاگنېرنىڭ سىڭلىسى ئاكىسىغا تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن بىر مېھماننى ــــ رىچىل خانىمنى باشلاپ كەلگەنىدى. رىچىل خانىم مېھمان بولۇۋاتقاندا، ۋاگنېر «مۇزىكا جەمئىيىتى» دىكى لىرىكىلىق مۇزىكىنى ئورۇنداۋاتاتتى. نىچشې ياخشى كۆرگەچكە بۇ شېئىرىي درامىنى پىششىق بىلەتتى، شۇڭا رىچىل خانىم ۋاگنېرغا نىچشېنىڭ سەۋەبىدىن بۇ مۇزىكىنى بۇرۇنلا پىششىق بىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنىڭدىن ۋاگنېر ھەم خۇشال بولدى ھەم ھەيران قالدى، ئۇ نىچشې بىلەن ئايرىم كۆرۈشمەكچى بولدى، شۇنداق قىلىپ يەكشەنبە كۈنى كەچتە ئۇنى ئۆزىنىڭ قېشىغا كېلىشىنى تەكلىپ قىلدى.

نىچشې دەسلەپتە لېيپسىگ ئىجتىمائىي ئالاقە دائىرىسىگە كىرگەندە، ۋاگنېردىن ئىبارەت بۇ ئاجايىپ شەخسنى قىزغىن ھۆرمەتلىگەنىدى. ئۇ ياخشى كىيىنىپ ۋەدە قىلىشقان جايغا بارماقچى بولدى. ماشىنىچى ئۇنىڭغا دەل ۋاقتىدا قارا رەڭلىك فراكنى تىكىپ يەكشەنبە كۈنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان بولدى. كەچتە نىچشې تىككۈچىلىك دۇكىنىغا كەلگەندە ماشىنىچىلار ئۆزى بۇيرۇتقان فراكنى ئالدىراپ تىكىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار ئۈچ سائەت ئىچىدە كىيىمنى ئەۋەتىپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. نىچشې ئۆيىگە كېلىپ تاقەتسىزلىك بىلەن ساقلىدى. كەچ بولغاندا، ماشىنىچى پۈتكەن فراكنى ئەكەلدى، نىچشې كىيىۋىدى قويۇپ قويغاندەك دەل كەلدى. لېكىن، كىيىمگە تۆلەشكە نەق پۇلى يەتمەي قالدى. ئاخىر ئىككىسى قىزىرىشىپ قالدى. ئاچچىقى كەلگەن ماشىنىچى فراكنى ئەكەتتى، نىچشې مەيۈسلەنگەن ھالدا تۇرۇپ قالدى، ئاخىر نائىلاج ئادەتتە

ئۇيغۇر كىتابلىرى بىلىقى www.uyghurkitap.com

كېيىندىغان قارا مۇراسىم كىيىمىنى كىيدى ــ دە، ئالدىراپ ئۆيدىن چىقتى.

ۋاگنېر ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى، ئىككىسى مۇزىكا ۋە پەلسەپىنى مۇھاكىمە قىلدى. نىچشي ھەيران قالغان ھالدا داڭلىق ۋاگنېرنىڭمۇ شوپېنخاۋېر ئېتىقادچىسى ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ۋاگنېر شوپېنخاۋېر بىردىنبىر مۇزىكىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىدىغان كىشى، دەپ قارايتتى. شوپېنخاۋېرنىڭ پەلسەپىسى ئىككى كىشىنى باغلايدىغان روھىي بەلۋاغقا ئايلانغانىدى. ۋاگنېرنىڭ قىزغىنلىقى ئۇرغۇپ تۇراتتى، پىكرى راۋان ھەم ئاجايىپ مەزمۇنلۇق ئىدى. نىچشىمۇ بەھۇزۇر سۆزلەشتى. ئۇلارنىڭ تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىشى باشتىن ــ ئاخىر بىر خىل ئەركىن ــ ئازادە كەيپىيات ئىچىدە ئۆتتى.

ئۆيگە قايتىپ كېلىپ نىچشي ۋاگنېرنىڭ ئەسىرىنى تەپسىلىي ئوقۇدى، ۋاگنېرنىڭ شېئىرلىرى، گۈزەل سەنئىتى، مۇزىكىسى ئۇنى چوڭقۇر ئويغا چۆمدۈردى. نىچشي ۋاگنېرنىڭ قايناق ھېسسىيات ئارقىلىق گېرمانىيە مىللىي روھىنىڭ ئويغىنىشىنى كۆرگەندەك بولدى. شۇنداق قىلىپ، ۋاگنېر نىچشېنىڭ قەلبىدىكى شوپېنخاۋېردىن كېيىن تۇرىدىغان ئېتىقاد قىلىش نىشانىغا ئايلاندى.

نىچشي بۇ چاغدا ئۇنى خۇشاللاندۇرىدىغان بىر ئىشنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بىلمەيتتى. بىر كۈنى رىچىل ئۇنىڭغا: «مەن سىنى قاتتىق ھەيران قالدۇرماقچى. سەن بازېل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى بولۇپ تەيىنلىنىشنى خالامسەن؟» دېدى. نىچشېنىڭ بۇنىڭغا ئىشەنگۈسى كەلمىدى، ئۇ ئەمدىلا 24 ياشقا كىرگەن بولۇپ، تېخى ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىلمىي ئۇنۋانىغىمۇ ئىگە ئەمەس ئىدى. رىچىل ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ ئۇنىڭ «رېيىن مۇزېي» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان ئاجايىپ ئىلمىي ماقالىسى بازېل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دىققەت ــ ئېتىبارىنى قوزغىغانلىقى، ئۇلار رىچىلدىن ئاپتور نىچشي ئەپەندى تىلشۇناسلىق پروفېسسورى

ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالامدۇ، دەپ سورىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

نىچشې بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەم خۇشال بولدى، ھەم تەشۋىشلەندى. كىشىنى خۇشال قىلىدىغان بۇ تەكلىپتىن تەسىرلەندى، ئەسلىدە ئۇ كەلگۈسىدە لېيپسىگتا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. بۇ ئارزۇسىنىڭ شۋېتسارىيىنىڭ بازېل ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئەمەلگە ئېشىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ئۆزى تۇزگەن ئۆگىنىش پىلانى ۋە دوستلىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىپ بېكىتكەن پارىژنى ساياھەت قىلىش پىلانىنى ئامالسىز ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىغا ئەپسۇسلاندى.

لېيپسىگ ئۇنىۋېرسىتېتى نىچشېنىڭ ئىزچىل ئىپادىسى ۋە نۆۋەتتىكى پەۋقۇلئاددە ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىمتىھان ئالمايلا ئۇنىڭغا دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىنى بەردى.

نىچشېنىڭ كۆز ئالدىدا بىر يېڭى كەسىپ باشلاندى. ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ كەسىپلەشكەن بىر مىشچان ئالىم بولماسلىق، بەلكى كېيىنكى ئەۋلاد گېرمانىيە ياشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان دەۋر ئۇستازى بولۇشقا ئىرادە باغلىدى.

ئۇيغۇر كىتابلار بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى باب كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان دوستلۇق

1869 ـ يىلى مايدا نىچشې بازېل ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ خىزمەتكە چۈشۈش مۇناسىۋىتى بىلەن «ھومېر ۋە كلاسسىك تىلشۇناسلىق» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەپ، تىلشۇناسلىق نوقۇل بىر پەنلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى سەنئەت بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن، دەپ قارىدى. نۇتۇق خىزمەتداشلىرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىپ، ئۇنىڭ بازېل ئۇنىۋېرسىتېتىدا خىزمەت قىلىشىنى مۇستەھكەملىدى. نىچشېنىڭ بىرمەھەل داڭقى چىقىپ، مەكتەپنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشىدىغان مەشھۇر ئادەمگە ئايلاندى. بازېلنىڭ يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتىدىكى داڭلىق ئائىلىلەر بۇ ياش ئىستېداتلىق پروفېسسورنى تەكلىپ قىلىشقا باشلىدى. نىچشې دائىم يېڭى فراكنى كىيىپ سالون ۋە تانسىلارغا باردى. لېكىن، كۆپ ئۆتمەي، ئۇ بۇنداق ئەھمىيەتسىز ئىجتىمائىي ئالاقە تۇرمۇشىدىن بىزار بولدى.

نىچشې ھەر ھەپتىدە ئالتە كۈن ئەتىگەن سائەت 7 دىن باشلاپ يۇنان كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن سەككىز ئوقۇغۇچىغا دەرس بېرەتتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىلاھىيەت ئۆگىنىدىغان بىر نەپەر ئوقۇغۇچىمۇ بار ئىدى. بوش ۋاقىتلىرىدا دائىم يېقىن ئەتراپتىكى ساي ۋە ئورمانلىققا بېرىپ شۋېتسارىيىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن لەززەتلىنەتتى. ئۇ يەنە بىرنەچچە يېڭى دوست بىلەن تونۇشتى، ئۇنىڭدىن 26 ياش چوڭ بولغان يۇنان مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس ياكوب بىكخار ئۇلارنىڭ بىرى ئىدى. يەنە بىرى، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە

تۇرىدىغان دىن تارىخى ئۆتىدىغان ياش پىروفېسسور فرانسىس ئوفبىك ئىدى. لېكىن، بۇ مەزگىلدىكى نىچشېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى يەنىلا ۋاگنېر ئىدى.

ۋاگنېر بۇ چاغدا كۆپچىلىكتىن ۋە مۇخبىرلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، تورىپسېنىدا تۇرۇۋاتاتتى. تورىپسېن كۆلگە سوزۇلغان بىر كىچىك تۇمشۇقنىڭ نامى ئىدى، ئۇ يەردە بىر تىنچ داچا ۋە چىرايلىق باغچە بار ئىدى، باغچىنى ئېگىز ئاق تېرەكلەر قاپلاپ تۇراتتى. ۋاگنېر يېقىندا مۇزىكانت لىستىنىڭ قىزىغا، يەنى ئېرىدىن ئاجراشقان كوشىمانىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەنىدى. كوشىما ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئارزۇسى بويىچە كىشىنى قايىل قىلىدىغان قىز ئىدى. ئۇ ۋاگنېرغا ھەمراھ بولۇپ بۇ خىلۋەت جايدا ئۆزىنىڭ چوڭ شېئىرىي ئەسىرىنى پۈتتۈردى.

نىچشې بىر كۈنى دەريا بويىنى بويلاپ ۋاگنېرنىڭ ـــ قەلبىدىكى ئۇستازىنىڭ تۇرالغۇسىغا كەلدى. دەل ـ دەرەخلەر ئارىسىدا روشەن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ، قوڭغۇراقنى باستى. ئۇ بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىۋاتقان مۇزىكا ئاۋازىنى زەن سېلىپ ئاڭلىدى. بىرئازدىن كېيىن خىزمەتكار چىقتى، نىچشې نام ـ ئەمەل كارتۇشكىسىنى كۆرسەتتى، خىزمەتكار مەلۇم قىلىشقا كىرىپ كەتتى، شۇ ئەسنادا، ئۇ ئاڭلاۋاتقان يېقىملىق پىئانىنو ئاۋازى توختاپ، دەرھال يەنە چېلىندى، خىزمەتكار قايتىدىن چىقىپ: « ۋاگنېر ئەپەندى ھازىر نوتىنى سىناق قىلىش بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، مېھمان كۈتەلمەيدىكەن، سىزنى چۈش ۋاقتىدا بىرلىكتە چۈشلۈك تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلدى، ئىنتايىن خىجىل بولغانلىقىنى ئېيتتى» دېدى. لېكىن، ئۇنىڭ چۈشتە باشقا ئىشى بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۆزىنى كۆرسىتىشنى خالىمىغان خوجايىن ئۇنىڭ بىلەن تروئىتسا بايرىمىنىڭ دۈشەنبە كۈنى تورىپسېنىدا بىللە ئۆتكۈزۈشنى ۋەدىلەشتى.

تورىئىتسا بايرىمى كۈنى نىچشې ۋەدىلەشكەن بويىچە

تورپىسپىنغا كەلدى. ئىككىلەن ئۇزاق پاراڭلاشتى. ۋاگنېر 59 ياش بولۇپ، ئۈمىد، ئىشەنچكە تولۇپ تاشقان، تەجرىبىسى مول ھەم ھېسسىياتچان ئىدى. ئۇنىڭ خۇش پېئىللىقى سورۇندىكى ھەربىر ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. ئۇلار گۈزەل كەچلىك مەنزىرىدە قانغۇچە پاراڭلاشتى. شۇ كۈنى ئاخشىمى نىچشې نائىلاج خوشلاشتى. سەممىي خوجايىن ئۇنى خېلى بىر يەرگىچە بىللە مېڭىپ ئۇزىتىپ قويدى. نىچشې كۆڭلىدە بىر خىل ئېيتقۇسىز خۇشاللىقتا چۆمدى. ئۇ سەممىي، كۆيۈمچان ياخشى ئۇستاز، ئوبدان دوست تېپىشنى ئۈزلۈكسىز ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدى. ئەمدىلىكتە بۇ ئارزۇسى ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى. ھالبۇكى، ۋاگنېرمۇ بۇ ياش ئالىمنىڭ تۇرقىدىن بىر خىل خاسىيەتلىك، تەبىئىي ۋە ئاجايىپ چېچەنلىكنى بايقاپ، ئۇنىڭ قايغۇلۇق تاشقى كۆرۈنۈشى ئاستىغا ھەر ۋاقىت پارتلاش ئېھتىمالى بولغان يانار تاغدەك قايناق ھېسسىيات يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، نىچشې بىلەن ۋاگنېرنىڭ دوستلۇقى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. ئۇ ۋاگنېرنىڭ ئەڭ قارشى ئالىدىغان مېھمىنى بولۇپ قالدى، ھەتتا مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ۋاگنېر ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالدى، ئۇلار نىچشې ئۈچۈن خالىغان ۋاقىتتا ئىشلىتىشكە ئىككى ئېغىز ئۆينى ئاجرىتىپ بەردى. نىچشېمۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تورپىسپىندا تۇرۇپ قالدى. بۇ يەردە، ئۇ ئۆزى قەدىرلەيدىغان مۇزىكانتقا يېقىنلىشىپلا قالماي، بەلكى بۇ قىزغىن ئائىلىنىڭ بىر خىل ئىللىق مېھرىبانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇزاقتىن بۇيان تەنھا ئۆتكەن نىچشې بۇ كۈنلەرنى ئىنتايىن قەدىرلىدى. ئۇ ۋاگنېر بىلەن مۇزىكا ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىپلا قالماي، بەلكى يەنە پەلسەپە ئۈستىدە قىزغىن پىكىر ئالماشتۇردى. ئۇ ۋاگنېرنى «شوپېنخاۋېرنىڭ مەنىۋى قېرىندىشى» دەپ مەدھىيىلىدى. رودېغا يازغان خېتىدە، ۋاگنېر بىلەن بىللە تۇرۇشنى ئۆزىنىڭ «شوپېنخاۋېرنىڭ پراكتىكا

دەرسىنى ئۆگىنىش»ى دېگەن.
نىچشې تورىبىسپىندا ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى بازېل ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان چاغلىرىدىكى ئەڭ قىممەتكە ئىگە ھاسىلات، دەپ قارىغان. ۋاگنېر ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قارىغان بەزى گېرمانىيە كلاسسىك ئالىملىرىنى تونۇشتۇرغان ھەمدە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ دەسلەپتە يازغان ئېستېتىكا ۋە پەلسەپە جەھەتتىكى بەزى ئىلمىي ماقالىلىرىنى كۆرسەتكەن. نىچشېنىڭ ئىدىيىسى پۈتۈنلەي ۋاگنېرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئۇ تەييارلاپ ئاشكارا سۆزلىمەكچى بولغان ئىككى خاتىرىسى دېگۈدەك ۋاگنېرنىڭ كۆزقارىشى ئىدى. ئۇ تراگېدىيە ساپ مۇزىكىنىڭ مەھسۇلى، دەپ قارىدى. نىچشې بۇ ئۇستازىغا چىن كۆڭلىدىن چوقۇنغانلىقى ۋە ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن «دەل شوپېنخاۋېر پلاتونىدىن بۇيانقى ئەڭ ئۇلۇغ پەيلاسوپ بولغانغا ئوخشاش، ۋاگنېر ھازىرقى زامان مۇزىكا تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ» دەپ قارايتتى.
بىر كۈنى نىچشې ۋاگنېرنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولغىلى بارغاندا، ۋاگنېر ئورۇندىغان «رېيىن دەرياسىدىكى ئالتۇن» ۋە «ئايال قۇدرەت ئىلاھى» دېگەن ئىككى ئوپېرادىن چاتاق چىقىپ مەغلۇپ بولغانلىقتىن خەۋەر تاپتى. ۋاگنېر قاتتىق ھەسرەتلەندى ۋە ئۈمىدسىزلەندى. ئۇ بۇ ئىككى چوڭ ئەسىرىگە پۈتۈن زېھنىي كۈچى ۋە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغانىدى، ئەمدىلىكتە ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە چۈشىنىشىگە ئېرىشەلمەي قاتتىق ئازابلاندى. ئۇنىڭ مۇڭلۇق ئازابلىرى نىچشېنى تەسىرلەندۈردى. ئۇ ئۇستازىنىڭ خىزمىتىگە قاتنىشىشقا بەل باغلىدى. شۇ چاغدا ۋاگنېر دەل يەنە بىر ئوپېرا «مەبۇدلارنىڭ زاۋالى»نىڭ مۇزىكىسىنى ئىشلەۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بىر تەرجىمىھال يازدى. نىچشې بۇ ئورىگىنالنى رەتلەشكە ياردەملەشتى.

مىلاد بايرىمى يېتىپ كېلەي دەپ قالدى. ۋاگنېر بىرنەچچە بالىسىغا بىر مەيدان ئويۇن تەييارلاشنى ئويلىدى. ئۇ ئالۋاستى ۋە پەرىشتىگە ئۆز ئەينى ئوخشايدىغان كىچىك ھەيكەللەرگە موھتاج بولۇپ قالدى، ۋاگنېر خانىم نىچشېدىن بۇ ھەيكەللەرنى بازىلدىن ۋاكالىتەن سېتىۋېلىشنى ئۆتۈندى. ئەر - خوتۇن ۋاگنېرلار ئۇنى بۇ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى دەپ قارايتتى. كوشېما سەمىمىي ھالدا ئۇنىڭغا سىز پروفېسسور، ئالىم ۋە تىلشۇناسلىق ئۇنۋانىنى چۆرۈپ تاشلىۋەتتىڭىز دېگەن، ئۇ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە يەنىلا 25 ياشلىق بالا ئىدى. نىچشې بازېل ماگىزىنلىرىغا تىزنقلىق كىچىك ھەيكەللەرنى ھاسىل قىلمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ پارىژغا خەت يېزىپ ئەڭ قورقۇنچلۇق ئالۋاستى ۋە چىرايلىق پەرىشتىنىڭ ھەيكەللىرىنى زاكاز قىلدى. مىلاد بايرىمى كۈنى نىچشې تەكلىپ بويىچە تۇرىپسېنغا كېلىپ ۋاگنېرنىڭ پەرزەنتلىرى بىلەن بىرلىكتە ئاجايىپ ياخشى ئويۇننى كۆردى. ئۇ يەنە كوشېما تەييارلاپ قويغان مىلاد سوۋغىتى — فرانسۇزچە نەشر قىلىنغان مونتېن توپلىمىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇلار ئىنتايىن ئىناق ۋە خۇشال كەيپىيات ئىچىدە مىلاد بايرىمىنى ئۆتكۈزدى.

1870 - يىلى فېۋرالدا نىچشې خاتىرىسىنى رەتلەپ، ئۆزىنىڭ ئىككى قېتىملىق ئاشكارا نۇتقىنى باشلىدى. ناھايىتى كۆپ كىشىلەر كېلىپ شۆھرەت قازانغان بۇ ياش ئالىمنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى.

نىچشې سۆزلىگەن نۇتقىنىڭ تېمىسى قەدىمكى يۇنانىنىڭ ئېستېتىك قارىشى ئىدى. ئۇ شاراب ئىلاھى دىئونىسنىڭ سىرلىقلىقى ۋە مەپتۇن قىلىشى بىلەن پەرىشان بولغان ۋە خىيالغا پاتقان قەدىمكى يۇناننى تەسۋىرلىگەنىدى. دىئونىس قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى شاراب ئىلاھى بولۇپ، قىزغىنلىقى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، دائىم مول ھوسۇل ئالغان كۈنلەردە ھاراق ئىچىپ مەست بولغاندىن كېيىن خۇشاللىقىدىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن ھالدا ھەم ناخشا ئېيتىپ، ھەم

ئۇسسۇل ئوينايدىغان، قەدىمكى يۇنان ئەمگەكچان خەلقىنىڭ ئاق كۆڭۈل ۋە قايناق ھېسسىياتقا باي ئىكەنلىكىنىڭ سىمۋولى ئىدى. نىچشى قەدىمكى يۇناننىڭ شېئىرلىرى ۋە تراگېدىيىسى بۇنداق شاراب ئىلاھى روھىدىن تەپچىرەپ چىققان سەنئەت، دەپ قارايدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن:

«ئۇلۇغ دىئونىسىنىڭ تراگېدىيىسىنى كۆرگەن ئافىنالىقلارنىڭ قەلبىدىن تەبىئىي كۈچىنىڭ ئۇچقۇنى ئۇرغۇپ چىققان، تراگېدىيە دەل بۇنداق تەبىئىي كۈچتىن مەيدانغا كەلگەن. بۇ ياشلىق مەزگىلىدە بويسۇندۇرغىلى بولمايدىغان ھېسسىيات، ئەتىياز كۈنلىرى بۇنداق دەھشەتلىك مۇرەككەپ ھېسسىيات بارلىق ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ روھىغا زەربە بېرىدۇ، شۇنداقلا پۈتكۈل تەبىئەت تۇرمۇشىنى بەربات قىلىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، خرىستىئان دىنى جەمئىيەتلىرى بۇرمىلىغان پاسخا بايرىمى ۋە تەنتەنە بايرىمى دەسلەپتە ئەتىيازنىڭ بايرام كۈنلىرى ئىدى. قەدىمكى يۇناننىڭ ئىپتىدائىي تۇپرىقىدا دىئونىس روھىغا باي، ھېسسىياتى يالقۇنلۇق خەلق ئاممىسى مەيدانغا كەلگەن، ئوتتۇرا ئەسىردە مۇقەددەس يۇئان بايرىمى ۋە مۇقەددەس ۋىتاس بايرىمىدا زوق ـ شوق بىلەن ئوينالغان ئۇسسۇللارمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش شەكىل بىلەن كۆپلىگەن ئاممىنى جەلپ قىلغان، ئۇلار بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە بېرىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ ئۆزىنىڭ قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتكەن: بۇنداق بارلىق پاكىتلارنى ئىنتايىن چوڭقۇر تەبىئىي خۇسۇسىيەتتىن سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئەلۋەتتە، دوختۇرلار بۇنداق ھادىسىلەرنى كېسەللىك ھالىتى دەپ قارايدۇ، بىراق بىز قەدىمكى زاماندىكى كومېدىيە دەل بۇنداق بىر خىل كېسەللىك ھالىتىنىڭ جەۋھىرى. ھالبۇكى، ھازىرقى زامان سەنئىتى ئەگەر ئاشۇنداق سىرلىق بۇلاقتىن ئېتىلىپ چىققان سۈزۈك سۇ بولمايدىكەن، ئۇ بۇنداق سەنئەتنىڭ بەختسىزلىكى بولىدۇ، دېيىشنى خالايسىز.»

ئىككىنچى نۇقتىدا، نىچشى تراگېدىيە سەنئىتىنىڭ

ئاخىرلاشقانلىقىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، سوقرات بىلەن يولىدس يۇنان تراگېدىيىسىنىڭ خارابلىشىشىدىكى ئاساسىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، دەپ ئەيىبلىدى. ئۇ سوقراتقا مۇنداق باھا بەرگەن:

«ئۇ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەرنى ئەيىبلەشكە پېتىنغان. دەل بۇ نامرات ئافېنالىق، بۇ خەلق ئاممىسىنىڭ بىر ئەزاسى ئىدى، بۇ كۆرۈمسىز مەسخىرىچى قەدىمكى زامان شېئىرلىرىنى بىسىۋالغان، سوقرات ھەم سەنئەتچى ئەمەس، ھەم پەيلاسوپمۇ ئەمەس؛ ئۇ ئەسەرمۇ يازغان ئەمەس، قۇرۇق سەپسەتچىمۇ ئەمەس. ئۇ ھەتتا سۆزىنىمۇ ئىنتايىن ئاز قىلاتتى؛ ئۇ پەقەت ئاممىۋى سورۇنلاردا ئولتۇرۇپ، ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتكەنلەرنى چاقىراتتى، ئۇنىڭ قىزىقچىلىق لوگىكىسى ئۇلارنى قاتتىق چۆچۈتەتتى، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ بىلىمسىز ۋە ئەخمەقلىقىغا ئىشەندۈرەتتى؛ ئۇ ئۇلارنى زاڭلىق قىلاتتى ھەمدە ئۆزلىرىنى ئۆزلىرىگە زاڭلىق قىلدۇراتتى. ئۇنىڭ سوغۇق مەسخىرىسى بۇ مىللەتنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىغا كۈچ ئاتا قىلغان سەممىي ئېتىقاد ۋە ئۇنى قوللاپ تۇرغان گۈزەل ئەپسانىلىرىنى خورلۇقتا ئۆچۈرەتتى، ئۇ تراگېدىيىنى ئۆچ كۆرەتتى ھەمدە ئۆزىنىڭ تراگېدىيىنى كۆزگە ئىلمايدىغانلىقىنى ئاشكارا ئىپادىلىگەن. ئۇلارنىڭ ئۆزى يېتەرلىك، ئېۋرىپىدىس① تەشۋىشلەندى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئىلھامىنى توستى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئېھتىمال سوفوكلىسىنىڭ② ئۆزىدىنمۇ ئىشىپ كەتكەن ياش ئەپلاتون بۇ يىگى ئۇستازنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتتى ھەمدە سەنئەتتىن ۋاز كەچتى. سوقرات قەدىمكى گرېكلارنىڭ ئەسلىدىكى ئەركىن، تەبىئىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋەيران قىلدى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن چۈشكۈنلەشكەن ئەپلاتوننىڭ ياردىمى ئارقىلىق قەدىمكىلەرنىڭ ئېخى تونۇپ يەتمىگەن تەبىئەتكە بولغان خىيالىي

①② قەدىمكى يۇناننىڭ ئۈچ چوڭ تراگېدىيىچىلىرى.

تۇيغۇسىنى كىشىلەرنىڭ ئەقلىي چۈشىنىشىگە بولىدىغان نەرسە، دەپ قارىدى. ھالبۇكى، ئىنسانلار ئەينى چاغدا تامامەن بۇنداق خىيالىي تۇيغۇ ئىچىدە تۇراتتى ھەمدە ئۇزلۇكسىز ئىناق، ئومۇملىشىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى.»

سوقراتنى بۇنداق ئاشكارا ئەيىبلەش بازىلدىكى ئاڭلىغۇچىلارنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرۇپ تەشۋىشكە سالدى، ئۇلارنىڭ بۇ ياش يىگىتنىڭ كەسكىن سۆزلىرىنى چۈشىنىشى ۋە قوبۇل قىلىشى تەس ئىدى. لېكىن، ئۇ ۋاگنېر ئەر ـ خوتۇن ۋاگنېرلارنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئىگە بولدى، ئۇلار ئۇنى ئىككى قېتىملىق نۇتۇقنىڭ تېمىسىنى كېڭەيتىپ بىر كىتاب قىلىپ تۈزۈپ چىقىشقا ئىلھاملاندۇردى.

مارتتا نىچشى رەسمىي پروفېسسورلۇققا ئۆستۈرۈلدى. ئۇ ھەم خۇشال بولدى، ھەم ئالدىراپ قالدى. مەكتەپ ئۇنى بىر يۇقىرى يىللىقنىڭ ئىستىلىستىكا دەرسىگە مەسئۇل قىلدى، شۇنداقلا ئۇنى بىر ئۇنىۋېرسىتېت پروفېسسورىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش نۇتقىنى ئېسىل لاتىن يېزىقى بىلەن تەييارلاپ چىقىشقا تەۋسىيە قىلدى. رىچىل بۇ چاغدا بىر تىلشۇناسلىق ئوبزور ژۇرنىلى تەسىس قىلىپ، ئۆزىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئوقۇغۇچىلىرىنى مەزكۇر ژۇرنالغا ماقالە يېزىشنى ئۈمىد قىلدى. نىچشى ھەربىر خىزمەتنى ئەستايىدىل ئورۇندىدى، لېكىن ھەددىدىن زىيادە جىددىيلىشىش ئاخىر ئۇنى كېسەل قىلىپ قويدى.

1870 ـ يىلى پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشى پارتلىدى. نىچشى فرانسىيىنىڭ پرۇسسىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ھاڭ ـ تاڭ قالدى. ئۇ بۇ ۋاقىتتا شۋېتسارىيىلىك بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ھەربىي مەجبۇرىيەتتىن خالاس قىلىندى، ئۇ سىڭلىسى ئېلىزابېتا بىلەن بىرلىكتە بىر تاغ ئىچىدىكى سارايدا خاتىرجەم دەم ئالدى. ئۇ سالامەتلىكىنىڭ ياخشى بولماسلىقى بىلەن خىزمەتنى پۈتۈنلەي

تاشلاپ قويمىدى، ئۇ قەدىمكى يۇنان لىرىك ئۇسلۇبى تۇغرىسىدا بەزى ماقالىلەرنى يازدى. كۆپ ئۆتمەي، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ رېيىن دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، تۇنجى جەڭدىلا غەلىبە قازانغانلىقىنى ئاڭلىدى. نىچشې ئالدى بىلەن ئۇرۇشنا ھامان بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدىغان مەدەنىيەتتىن قايغۇردى، ئۇ ئاپىسىغا يازغان خېتىدە: « بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز خەتەر ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ» دېگەن. لېكىن، ناھايىتى تېزلىكتە ئۇ پرۇسسىيىنىڭ غەلىبىسىدىن خۇشاللىققا چۆمدى. ئۇ بۇ غەلىبىدە ئۆزىنىڭ نېسىۋىسى يوقلۇقىنى ئويلىغاندا خىجىل بولدى، توپچى قىسىمدا ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى ئىشلىتىدىغان پەيتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى، ئۆز مىللىتى ئۈچۈن بۇ كەسكىن جەڭگە قاتنىشىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. كېيىنكى ئوقۇغۇچىلارمۇ ئاكتىپلىق بىلەن ئارمىيىگە قاتناشتى.

7 ـ ئاۋغۇست ئەتىگەنلىكى نىچشې ئورنىدىن تۇرۇپلا تاقەتسىزلىك بىلەن گېزىتنى ئېلىپ، ۋارشاۋادىن ئەۋەتىلگەن تېلېگراما خەۋىرىنى ئوقۇدى. گېرمانىيە غەلىبە قىلغان، لېكىن ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغانلار ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ئۇ ئۆزىنى دالىدىغا ئالغان جايدا تۇرالماي قالدى. دەرھال يول ھازىرلىقلىرىنى قىلىپ، بازېلغا قايتىشقا ئالدىرىدى، ئۇ شۋېتسارىيە تەۋەلىكىدە بولغاچقا، شۋېتسارىيە دائىرىلىرى ئۇنىڭ بىۋاسىتە ئۇرۇشقا قاتنىشىشىغا يول قويمايتتى. شۇڭا، ئۇ جەڭ مەيدانى داۋالاش ئەترىتىگە قاتناشتى. دەرھال گېرمانىيىگە قاراپ يولغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ ۋەتىنى ئۈچۈن جەڭ قىلماقچى بولدى !

ئۇ دۇشمەنلەر ئىشغال قىلغان شەھەردىن ئۆتكەندە: «ئۇ جايدىكى دالا جەسەتخانىسىنى كۆردى. دالىدا تۈنىگەن چاغلىرىدا ستراسبۇرگتىكى ئۇرۇش ئوتلىرىنىڭ يورۇقىنى كۆردى، ئاخىر ئۇ داۋالاش ئەترىتىدىكىلەر بىلەن بىللە مېتىستىكى دالا گوسپىتالىغا كەلدى. كۆپلۈكىدىن ھېسابلاش قىيىن بولغان يارىدارلارمۇ بۇ جايدا داۋالىنىشنى كۈتۈۋاتاتتى. نىچشې ھۆرمەت

ھېسسىياتى بىلەن ئۇلارغا مېھرىبانلىق يەتكۈزدى ھەم سەمىمىي ھالدا ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. ئۇ تۇنجى قېتىم قىلچە بىزار بولماي بۇ جاپاكەش ئاممىنى كۆتتى، ئۇ بىر خىل قېرىنداشلارچە ھېسسىيات بىلەن بۇ سەمىمىي كىشىلەرنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كىرگەندە، ئۆزىنى غېرىبسىنىش ھېس قىلمىدى.

كۆپ ئۆتمەي، ئۇ فرانسىيىدىن ئۆتۈپ بۇيرۇق بويىچە يارىدارلارنى كارلسرۇدىكى دوختۇرخانىغا يەتكۈزۈپ قويۇشقا ماڭدى. نىچشى ۋە باشقا بىرنەچچە كىشى سوغۇق ۋە يامغۇرلۇق كۈندىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش ئۈچۈن، ھايۋانلارنى توشۇيدىغان كونا ۋاگونغا چىقىۋالدى، ئالتە ئېغىر يارىدار بار ئىدى. نىچشى كۈن بويى ئۇلار بىلەن بىللە بولۇپ، ئۇلارنىڭ يارىلىرىنى تېڭىپ قويۇشقا، ئۇلارنىڭ تاماقلىرىنى ھازىرلاپ بېرىشكە مەسئۇل بولدى. بەزى يارىدارلارنىڭ يارا ئېغىزلىرىدا گانگرېنا پەيدا بولدى. ۋاگوننىڭ ئىچىنى سېسىق پۇراق قاپلاپ كەتكەندى. مۇشۇنداق يامان مۇھىتتا نىچشىمۇ مۇلاھىزە قىلىشنى توختاتمىدى. پويىزنىڭ گۈرۈلدىشىگە ئەگىشىپ، تىنچ كېچىدە تىراگېدىيىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى خىيال، ئىرادە، پەرىشانلىقتىن ئىبارەت ئۈچ مەنبەسى ئۇستىدە ئويلاندى.

نىچشى ئاخىر يارىدارلارنى ئېلىپ كارلسرۇغا كېلىپ ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى، لېكىن يارىدارلارغا ئوخشاش دىزېنتېرىيە ۋە بوغما كېسىلىنى يۇقتۇرۇۋالدى. دالا گوسپىتالىدا خىزمەت قىلغان چاغدىكى خىزمەتدىشىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن ئۇنىڭ كېسىلى بىرئاز ياخشىلاندى. لېكىن، ئۇ داۋالاش ئەترىتىدىن چېكىنىپ چىقىپ نانبۇرگقا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

نىچشىغا يەنە ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن توختىتىپ قويمىغان تەپەككۇرىغا ۋاقىت چىقتى. شۇ چاغدا بارلىق نېمىسلار تەلۋىلەرچە بۇ ئۇرۇشقا قاتناشتى ھەمدە گېرمانىيىنىڭ ئارقا ـ

ئارقىدىن قىلغان غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىشتى. نىچشى ئۇرۇشقا ۋە ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان نېمىسلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەتلىنىش كەيپىياتىغا نەپرەتلەندى. گېرمانىيىدىكى ھەممە كىشى ئۇرۇشقا بېرىلىپ كەتتى. ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ مۇزىكىشۇناسى بېتخوۋېنىنىڭ 100 يىللىق خاتىرە كۈنىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. بۇ چاغدا ۋاگنېر ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، نېمىسلار ھوشىنى يىغىپ تىنچ مەزگىلدە باتۇرلۇقنى داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك، دەپ ئۇنلۇك خىتاب قىلدى. قوشلار سايرىشىپ دوستلۇقنى ئىنتىلگەندەك، نىچشېمۇ ئايرىلىپ قالغان ئۇستازىغا يېقىنراق تۇرۇشنى ئارزۇ قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ سالامەتلىكىنىڭ پۈتۈنلەي ئەسلىگە كېلىشىنى ساقلىماي نانبۇرگتىن ئايرىلدى.

ئۇ يەنە ئۆزى سېغىنغان ۋاگنېر بىلەن كۆرۈشتى. لېكىن، ئۇ ۋاگنېرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مەلۇم نەرسىنىڭ ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى سەزدى. ئۇ گەرچە بېرلىندا قېلىپ يۇقىرى مەرتىۋە، ئۈستۈن مائاشتىن بەھرىمەن بولۇشنى رەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ خۇشاللىقىغا بىر خىل مېشچانلىق خاراكتېر ئارىلاشقانىدى. نىچشى ئۇمىدسىزلىنىپ تۇرغاندا، ئۆزىگە قارىتا تېخىمۇ غەمكىن ياكوب بېكخاد بىلەن سىرداش بولۇپ قالدى. ئۇمۇ نىچشېغا ئوخشاش ئۇرۇش ۋە ئۇرۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇزغۇنچىلىقنى نەپرەتلىنەتتى. ۋاگنېرغا ئوخشاش ئۇرۇشنىڭ ئۆزىگە كەلتۈرگەن پايدىسىدىن خاتىرجەم ھالدا بەھرىمەن بولۇشنى خالىمايتتى. نىچشى بىلەن بېكخاد دائىم ئۆزلىرى ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان، يەنى قانداق قىلغاندا قەدىمكى يۇناندىن بىرگىچە تارقالغان مەدەنىيەت ۋە گۈزەللىك ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا دېموكراتىزم تەسىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاسان ئويغاتقىلى بولمايدىغان خەلق ئاممىسى ئىچىدە قەھرىمانلىق ۋە يۇكسەك شەيئىگە بولغان قىزغىن سۆيۈشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغىلى

بولىدۇ؟ دېگەندەك مەسىلىلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. نىچشې بىر خىل تەرتىپلىك مەكتەپ ــ ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتىنى قىياس قىلدى. بۇ يەردە ئۇلار خرىستوسنىڭ دىنىي ئەقىدىسىنى تارقاتماي، بەلكى گۇمانىتارلىق ئۇرۇقىنى چاچاتتى، بۇ ئىلگىرى پىفودا مەكتىپىدە ئوقۇغاندا ئالغان ئىلھام ئىدى. نىچشې ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى بۇ جايغا يىغىلىپ تۇرمۇش كەچۈرۈپ، چوڭقۇر خىيال سۈرۈشنى، بىخۇد ئاما ئىچىدىن مۇستەقىل بولۇپ چىقىپ روھىي تۇرمۇش ئەنئەنىسىنى ساقلايدىغان بىر توپ هازىرقى زامان زاهىتلىرىدىن بولۇشنى خىيال قىلدى. نىچشېنى تامامەن بۇنداق قىشلاقچە خام خىيال جەلپ قىلىۋالدى. ئۇ خەت يېزىپ رودېنىڭ رازىلىقىنى ئالماقچى بولدى. ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىن، ئاخىر رودېنىڭ جاۋاب خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. لېكىن، ئۇ خېتىدە نىچشېنىڭ هازىرقى زامان ئەپلاتون باغچىسى قۇرۇش پىلانىنى سالماقلىق بىلەن ئىنكار قىلغانىدى. بۇنىڭدىن نىچشېنىڭ كۆڭلى سوۋۇدى، ئەڭ ياخشى دوستى رودېمۇ رەت قىلسا، يەنە كىممۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ؟

نىچشې بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىكتىن ئاغرىنماي، بارلىق كۈچىنى خىزمەتكە بېغىشلىدى. 1870 ـ يىلى كۈزدىن 1871 ـ يىلى ئەتىيازغىچە ئۇنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولمىسىمۇ، لېكىن يەنىلا زېھنىي كۈچىنى توپلاپ «تراگېدىيىنىڭ مەيدانغا كېلىشى»نى يازدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ تراگېدىيىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىگە قارىغاندا تراگېدىيىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە گۈللىنىشىگە تېخىمۇ ئەهمىيەت بەردى. ئۇ 19 ـ ئەسىردە ئىنسانلار تۇرۇۋاتقان مۈشكۈل ئەهۋالغا قارىغاندا ئالدىنقى ئىككى ئەسىرگە تېخىمۇ قىزىقتى، دوختۇر ئۇنىڭغا دىئاگنوز قويۇپ، هەددىدىن زىيادە ئىشلەپ كەتكەنلىكتىن ئاشقازان ياللۇغى ۋە ئۆچەي ياللۇغى كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ هاۋاسى ئىسسىق جايغا بېرىپ دەم ئېلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

نىچشې ئالپ تاغلىرىغا بېرىشنى قارار قىلدى. ئۇ چاغدا

پويىز تېخى ئۇ جايغا قاتنىمايتتى. ساياھەتچىلەر پوچتا ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ سىن ـ گىساد تاغلىرىدىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. نىچشى ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدىغان بىر ھەمسەپەر ئىتالىيە ئىنقىلابچىسى ماسسىن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. سەپەردە بىر قىزىقچى بوۋاي بار ئىدى، نىچشى ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتتى. ئىككىسى ھەمراھ بولۇشۇپ خۇشاللىق بىلەن تاغلارنى ئايلىنىپ سەيلە قىلدى.

ئالپ تاغلىرىنىڭ ساپ ھاۋاسى ۋە يېتەرلىك قۇياش نۇرى نىچشىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىدە چوڭ ياردىمى بولدى. ئۇ ئاساسەن ساقايدى. كېيىن يەنە شۋېتساريىنىڭ لوگانو شەھىرىگە باردى. ئۇ بۇ شەھەردە پۈتۈن كۆچىنى يىغىپ «تراگېدىيىنىڭ مەيدانغا كېلىشى» دېگەن ئەسىرىنى يازدى. نۇرغۇن گېرمانىيىلىكلەر بۇ جايدا دەم ئېلىۋاتاتتى. پرۇسسىيىلىك بىر ئوفىتسېر ئۇنىڭ بىلەن بىر مېھمانخانىدا تۇراتتى. ئۇ دائىم كېلىپ نىچشى بىلەن پاراڭ سېلىشاتتى. ئۇ باشقا نۇرغۇن گېرمانىيىلىكلەرگە ئوخشاش بۇ ياش پەيلاسوپنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا ئامراق ئىدى. فېۋرال كېلەي دەپ قالغان چاغدا ئۇرۇش ئاياغلاشتى. كىشىلەر ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان ئازادلىكنى ھېس قىلدى، ئۇلار بازاردا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىدى، نىچشىمۇ بۇ خۇشاللىق دېڭىزىغا شۇڭغۇپ كەتتى.

ئۇ ئاپرېلنىڭ ئاخىرى ئۆزىنىڭ تۇنجى ئىلمىي ئەسىرى «تراگېدىيىنىڭ مەيدانغا كېلىشى»نى پۈتتۈردى. بۇ ئەسەر شوپېنخاۋېرنىڭ ئىرادىچىلىك پەلسەپىسى ۋە ۋاگنېرنىڭ مۇزىكا تەسىرىگە ئۇچرىغان كلاسسىك تىلشۇناسلىق ئەسەر ئىدى. ئاپوللو (قۇياش ئىلاھى) بىلەن دىئونىس ئەسەردىكى ئىككى ئاساسىي ئىدىيە ئىدى. نىچشى كلاسسىك تىلشۇناسلىقنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بىر ئۆزگىچە كۆزقاراش: يۇنان سەنئىتى بۇ ئىككى خىل روھنىڭ ئۆزئارا مەۋج ئۇرۇشى جەريانىدا پەيدا

بولغانلىقىنى ئۇتتۇرىغا قويىدى.

ئاپوللو بىلەن دىئونىس يۇنانلىقلارنىڭ سەنئەت جەھەتتە چوقۇنىدىغان ئىككى ئىلاھ. قۇياش ئىلاھىنىڭ تىپتىنچلىقى ۋە چىرايلىقلىقى يۇنانلىقلاردا ھەر خىل خام خىياللارچە ئاجايىپ تەسەۋۋۇرلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن، ئۇلار بۇنداق تەسەۋۋۇرنى ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق قاتارلىق تەسۋىرىي سەنئەتلەرگە تەتبىق قىلىپ، مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن؛ يەنە بىر جەھەتتە، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىدىغان شاراب ئىلاھىنىڭ غەرق مەستلىكى ئىچىدىكى شاد ـ خۇراملىقىدىن يۇنانلىقلار ئۆزلىرىنىڭ قايناق ھېسسىياتلىق ھاياتىنى چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدۈرگەن. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ بۇنداق ھاياجانلىنىشى سەنئەتتە مۇزىكا بىلەن ئۇسسۇلنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن قۇياش ئىلاھىنىڭ روھىي ئەقلىنىڭ بىر خىل تىنچ ھالەتتىكى گۈزەللىكىنى ئىپادىلىگەن. شاراب ئىلاھىنىڭ روھى بولسا ھېسسىياتنىڭ بىر خىل ھەرىكەت ھالىتىدىكى گۈزەللىكنى ئەكس ئەتتۈرگەن. نىچشې يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتى ئاپوللو سەنئىتى (داستان، ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق) بىلەن دىئونىس سەنئىتى (مۇزىكا، ئۇسسۇل) نىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىدىن ئىبارەت، دەپ قارايدۇ. بۇ ئىككى خىل روھنىڭ ئۇچرىشىشى چوڭقۇر مەنىلىك تراگېدىيىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇ يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئەقىل ـ پاراستى، دەپ قارايدۇ.

ئادەم تەنىنىڭ قوي باشلىق ئىلاھلارنىڭ خورى بۇنداق تراگېدىيىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىپادىلىنىش شەكلى ئىدى، كۆپچىلىك مۇزىكىنىڭ رىتىمىگە ئەگىشىپ ئۇسسۇل ئويناپ ياكى قوپال، ياكى يەڭگىل ئۇسسۇل ئارقىلىق قەلبىدىكى ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەنىدى. كىشىلەر دىئونىسنىڭ خۇشاللىقتىن مەست بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ ياردىمى بىلەن تۇرمۇشقا يوشۇرۇنغان غايەت زور كۈچتىن ئىلھام ئېلىپ، بۇ

دۇنيادىكى بارلىق ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە قىيىنچىلىقىنى بويسۇندۇرغان. شۇنىڭ بىلەن قەلبىدىكى ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى بىر خىل ئازادلىق ۋە قۇتۇلۇشقا ئىگە بولغان.

نىچشې يەنە يۇنان مەدەنىيىتى توغرىسىدا باشقا بىر خىل يېڭى كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇرۇنقى پەيلاسوپلار سوقراتتىن ئەپلاتۇنغىچە يەنە ئۇنىڭدىن ئارىستوتېلغىچە بولغان دەۋر يۇنان پەلسەپىسىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى ھېسابلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن، نىچشې يۇنان پەلسەپىسىنىڭ يۇقىرى پەللىسى سوقراتتىن بۇرۇن بارلىققا كەلگەن، ئالدىنقى مەزگىلدىكى پەلسەپە ساغلام روھ ئاساسىي ئۈستىگە قۇرۇلغان، كېيىنكى مەزگىلدىكى پەلسەپە بولسا ئابستراكت ئۇقۇمنىڭ جۇغلانمىسى ۋە قايتىلانمىسىدۇر. سوقراتتىن كېيىن يۇنان مەدەنىيىتى ھەم ئەقلىيلىقى ئېنىق بولمىغان دۇنياغا ھەم غەرق مەست بولمىغان دۇنياغا ئايلىنىپ قالغان. پەلسەپىلا زاۋالغا يۈز تۇتۇپ قالماستىن، سەنئەتمۇ پەيدىنپەي خۇنۈكلەشكەن، دەپ قارايدۇ.

نىچشېنىڭ ئۆزى بۇ ئەسەرنى ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە ھېسسىياتقا تويۇنغان، دەپ قارايدۇ. ئۇ كىرىش سۆزىدە مۇنداق بايان قىلغان: «مەيلى بۇ قىيىن مەسىلىگە ئايلانغان كىتاب نېمىگە ئاساسەن يېزىلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ جەزمەن ئالدىنقى قاتاردىكى ھەم كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان مەسىلە شۇنداقلا چەكتىن ئاشقان شەخسنىڭ مەسىلىسىدۇر. مەزكۇر كىتابنىڭ ئىسپاتلىماقچى بولغىنى ئۆزى مەيدانغا كەلگەن دەۋر.»[①] بۇ دەۋر يەنى 1870 ـ يىلىدىن 1871 ـ يىلىغىچە بولغان پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشىنىڭ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان دەۋرىدۇر. ئۇرۇشنىڭ زەمبىرەك ئاۋازى فىلتىتىن باشلىنىپ ياۋروپادا يوقالغان چاغدا، بۇ كىتاب بىلەن ئاتا ـ بالىلىق مۇناسىۋىتى بولغان قاتتىق خىيال سۈرگۈچى بىلەن تېپىشماق تاپقۇچى ئالپ تېغىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىنىڭ مەلۇم جايىدا

① «تراگېدىيىنىڭ مەيدانغا كېلىشى».

قاتتىق باش قاتۇرۇپ ئويلانغان، شۇڭا ئۇ ھەم ھەسرەت چەككەن، ھەم ھەسرەت چەكمىگەن ھالدا يۇنانلىقلارغا بولغان قارىشىنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئاجايىپ كىتابىنىڭ يادروسىنى يېزىپ چىققان...»

كلاسسىك تىلشۇناسلىق ئەسەر «تراگېدىيىنىڭ مەيدانغا كېلىشى» دېگەن كىتاب لىرىكىلىق پۇراقتا ئىنتايىن باي ۋە ئالاھىدە ئىجادىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، بۇ ئەسەر نەشر قىلىنغان دەسلەپكى مەزگىلدىلا سوغوق مۇئامىلىگە ئۇچرىغان. نىچشې نۇقتىئىنەزىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ئىلىم ساھەسى ئۆزىنى بېسىۋېلىش ۋە ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن سۈكۈت قىلىشتەك ئىنكاس قايتۇرغان: ئادەتتىكى كلاسسىك تىلشۇناسلىقتىكى ئادەتتىكى كەسىپداشلىرى ئۇنىڭغا سوغوق مۇئامىلە قىلغان. بىر پروفېسسور بۇ كىتابنى « يوقىلاڭ گەپ » دېگەن. يەنە بىر تىلشۇناس بىر بېرۇشيۇرا يېزىپ بۇ كىتابنى مەسخىرە قىلغان. ھەتتا ئۇستازى رىچىلمۇ نىچشېنى قوللىمىغان. نىچشې تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن رىچىلغا يازغان خېتىدە: «مەن سىزنىڭ ھاياتىڭىزدا ئاززۇ ـ ئۈمىدكە تولغان قانداقتۇر نەرسە ئۇچرىغان دېيىلسە، ئېھتىمال مۇشۇ كىتاب بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايمەن. گەرچە بەزى كىشىلەر زەربىگە ئۇچرىشى مۇمكىن، لېكىن بۇ كىتاب بىزنىڭ كلاسسىك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتىكى ئاززۇيىمىز، شۇنداقلا گېرمانىيىنىڭ ئىپتىخارى» دېگەن. پروفېسسور رىچىل ئۆزىنىڭ خاتىرىسىگە نىچشېغا باھا بېرىپ «چوڭچىلىق سەۋداسى» قىلدى، دەپ يېزىپ قويغان. يېرىم ئەسىردىن كېيىن، يەنى نىچشې ئەمدىلا دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ ئۇزاق ئۆتمەي، كىشىلەر قايتىدىن ھەم قورقۇش، ھەم خوشال بولۇش ۋە ھۆرمەتلەش ھېسسىياتى بىلەن بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىققاندا، نىچشېنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بەرگەن باھاسىنىڭ قىلچە ئاشۇرۇۋەتكەنلىك ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغان. بىراق، ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر

ئۇنىڭ ئاجايىپ ئىدىيىسى ۋە كەم ـ كۈتىسىز ھالدا ئۆزگىچە ئىشىنىشىدىن بىئارامىلىق ھېس قىلىغان. پەقەت ئاز ساندىكى بىرنەچچە دوستىلا ئۇنى قوللىغان، رودې ماقالە يېزىپ ئۇنى ئاقلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتا پەلسەپە ساھەسىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان دۈشمەنلىكىنى ئازايتالمىغان. نىچشې غېرىبلىق ۋە بىئاراملىق ئىچىدە قالغان، ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلاشقا ئىنتايىن ئاز كەلگەن. پەقەت ۋاگنېرلا نىچشېنىڭ ئەڭ قىزغىن قوللىغۇچىسى بولغان.

ئۇ تۇنجى كىتابىنى ۋاگنېرغا ئەۋەتىپ بەرگەندىن كېيىن، دەرھال ئۇنىڭدىن تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن يېزىلغان مۇنداق بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇۋالدى:

«قەدىرلىك دوستۇم ـــ مەن ئەزەلدىن سەن يازغان بۇنداق كارامەت ياخشى كىتابنى ئوقۇپ باقمىغانىدىم. بۇ ھەقىقەتەن ياخشى بولدى! ھەر ۋاقىت ھەر چاغدا مەن ئىنتايىن تەشنالىق بىلەن ساڭا خەت يازىمەن، چۈنكى بۇ كىتاب مېنى ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. مەن كۆڭلۈم ئارامغا چۈشكەندىن كېيىن، ئەسىرىڭنى سىستېمىلىق ھالدا ئوقۇپ چىقماقچىمەن...»

كۆپ ئۆتمەي، ۋاگنېر يەنە ئىككىنچى پارچە خېتىنى ئەۋەتتى: «سەن ھازىر تەڭدىشى يوق بىر كىتابنى نەشر قىلدۇرۇپسەن. سەن ئۇچرىغان بارلىق تەسىرلەر مۇشۇ كىتابىڭنىڭ خاراكتېرى تۈپەيلىدىن يوقىتا چىقىشى مۇمكىن؛ بۇ كىتاب بىلەن باشقا كىتابنىڭ پەرقى شۇ يەردىكى، بۇ كىتاب مۇتلەق ھالدا ئۆزگىچە ئىشىنىشنى ئىپادىلىگەن چوڭقۇر خاراكتېرگە ئىگە. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، مەن بىلەن ئايالىم ئۈزلۈكسىز ھالدا بىر خىل ئاجايىپ ھەمدە پۈتۈنلەي قوللاش ھېسسىياتى بىلەن توشقان سادانى ئاڭلىغۇمىز كېلىدۇ! بۇ نۇقتىدا، سەن بىزنىڭ كۈچلۈك ئارزۇيىمىزنى قاندۇردۇڭ. بىز باشتىن ـ ئاخىر ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقتۇق. كۈندۈزى كىتابنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا

ئوقۇدۇق، ئاخشىمى ئىككىيلەن بىرلىكتە ئوقۇدۇق، سەن بىزگە ئەۋەتمەكچى بولغان ئىككىنچى كىتابىنى تېخى تاپشۇرۇۋالالمايۋاتقىنىمىزغا چوڭقۇر ئەپسۇسلىنىۋاتىمىز. بىز ھەدېسىلا بىر كىتابنى تالىشىپ جېدەللىشىپ قالىمىز. مەن بۇ كىتابقا ئېھتىياجلىق، ئەتىگەنلىك تاماقتىن خىزمەت ۋاقتىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇنى ئوقۇيمەن؛ چۈنكى، سېنىڭ كىتابىڭنى ئوقۇغاندىن باشلاپ، ئەسىرىمنىڭ ئاخىرقى پەردىسىنى قايتىدىن يېزىشقا كىرىشتىم. بىز كىتابنى تولۇق ئوقۇپ چىقتۇق. ئەمما، بىرلىكتە ئوقۇيلى ياكى ئايرىم ـ ئايرىم ئوقۇيلى، ھەيران قالغانلىقىمىزدىن ئوقۇشىمىز ئىختىيارسىز توختاپ قالدى، چۈمگەن قايناق ھېسسىياتىمىزنى ئىچىدىن ئەسلىمىگە قايتىپ كېلەلمىدىم. مانا بۇلار بىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىمىز!»

ۋاگنېرنىڭ بۇ كىتابنى شۇ قەدەر قىزغىنلىق بىلەن ياخشى كۆرۈشى ۋە ماختىشى، بىر تەرەپتىن بۇ ياش دوستىنىڭ ئىقتىدارىغا قايىل بولغانلىقىدا ئىدى، يەنە بىر تەرەپتىن نىچشې يازغان «تراگېدىيىنىڭ مەيدانغا كېلىشى» دېگەن ئەسەر ئەينى ۋاقىتتا تېخى ۋاگنېر ئاڭلىغاندەك ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلىنغان كىتاب ئەمەس ئىدى. ئەگەر ۋاگنېرنىڭ قايىل بولۇشى يەنە شەخسىي ئامىلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولسا، ياكوب بېكخاد، رودې ئوفبېك ۋە گېستوف قاتارلىق دوستلىرى بۇ كىتابنى چىن قەلبىدىن ماختايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

دوستانە قوللىغۇچىلار ھەرھالدا چەكلىك بولىدۇ. نىچشې بۇ كىتابنى بىر نەشرىياتقا ئەۋەتىپ بەردى، لېكىن ئۈچ ئايغىچە كىتاب ئورىگىنالىغا بىرەرى قاراپمۇ قويمىدى. ئۇ ئاخىر تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپمۇ بىر نەشرىيات سودىگىرىنى تاپالمىدى. ئىلىم ـ پەن ۋە تىلشۇناسلىق ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىدىغان بارلىق سودىگەرلەر ئۇنىڭ كىتابىنى نەشر قىلىشنى ئەدەپ بىلەن رەت قىلدى. ئۇلار ئىلىم ـ پەن بىلەن قايناق ھېسسىيات گىرەلىشىپ كەتكەن، قەدىمكى يۇنان مەسىلىسى بىلەن

گېرمانىيىنىڭ ھازىرقى مەسىلىسى چىرمىشىپ كەتكەن بۇ غەلىتە ئەسەرگە قىزىقمىدى. ئاخىر يەنىلا ۋاگنېرنىڭ نەشرىيات سودىگىرى كىتابنى قوبۇل قىلدى.

نىچشې بۇنىڭلىق بىلەن تىلشۇناس دېگەن شۆھرەتتىن مەھرۇم قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا كۆزگە كۆرۈنەرلىك پروفېسسور ئىدى. ئۇ بۇرۇنلا يەنە بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغانىدى. شۇڭا، بازېل ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنىڭ يىللىق مائاشىنى 3500 دىن 4000 شۋېتسارىيە فرانكىغا ئۆستۈردى. كۆپ ئۆتمەي، ئىتالىيىدىكى مەشھۇر «ياۋروپا ئوبزورى» ژۇرنىلى نىچشې قوللىغان بىر ماقالىنى ئېلان قىلدى. نىچشې ھەم خۇشال بولدى، ھەم قايغۇردى: ئۇنىڭ ئىدىيىسى چەت ئەلدە ئېتىراپ قىلىندى، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ مىللىتى ۋە سەپداشلىرى ئۇنى چۈرۈۋەتتى.

خۇشاللىق بىردەملىك ئىش. كۆپ ئۆتمەي نىچشې يەنە بىر ئىشتىن بىئارام بولدى. ئۇنىڭ ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولغان دوستى ۋاگنېر ئائىلىسى بىلەن گېرمانىيىدىكى كىچىك شەھەر بايروئىتقا كۆچۈپ كەتمەكچى بولدى. ئۇ ۋاگنېرنىڭ ئائىلىسىگە خوشلاشقىلى بارغاندا قەلبى ھەسرەت بىلەن تولدى. بۇ ئائىلىدە ئاجايىپ گۈزەل چاغلارنى ئۆتكۈزگەن ـ ھە! ئەستايىدىل ئويلانغان، ئازادە پاراڭلاشقان، جىددىي خىزمەت قىلغان، بايرام كۈنلىرىنى خۇشال تەبرىكلىگەنىدى. ھالبۇكى، بۈگۈن ئۇنىڭغا چەكسىز خۇشاللىق ئاتا قىلغان بۇ ئەر ـ خوتۇنلار، بىر توپ غەم ـ قايغۇسىز باللار ئۇنىڭدىن ئايرىلماقچى بولۇۋاتاتتى. نىچشې ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان قايغۇسىنى باسالماي، گۈزەل مۇزىكىلارنى ئاڭلىغان پىئانىنونىڭ يېنىغا بېرىپ، ئىلھام بىلەن چېلىپ كەتتى. ئەر ـ خوتۇن ۋاگنېرلار قوللىرىدىكى ئىشلىرىنى قويۇپ ئاڭلىدى، بىر ھەسرەتلىك

چوڭقۇر مۇھەببەت راپسودىيىسى[1] بوش زالدا ياڭرىدى.

نىچشې ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى تەرجىمىھالىدا ئەسلەپ، گەرچە كېيىنكى ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى مۆلچەرلەش قىيىن بولسىمۇ، لېكىن تورپىسىبىندىكى ئاشۇ كۈنلىرى ئۇنىڭ ھاياتىدا ئاز ئۇچرايدىغان «ئىشەنچ، خۇشاللىق بىلەن تولغان، يۈكسەك ئىدىيىنىڭ پارلاق نۇرى چاقنىغان چاغ ئىدى.» دېگەن.

---

① خەلق ئاھاڭلىرى ۋە رەقسلىرى ئاساسىدا تۈزۈلگەن، چالغۇ ياكى ئوركېستىردا ئىجرا قىلىدىغان خىيالىي ياكى بايان قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىككى تارقىتىش ئادرېسى

# تۆتىنچى باب  بايروئىتتىن قېچىش

نىچشې ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت روھىنى قەتئىي ساقلايدىغان بىر باغچە قۇرماقچى بولغانغا ئوخشاش، ۋاگنېرمۇ يۈكسەك ئىرادە بىلەن ئۆزىنىڭ مۇزىكا سارىيى — بايروئىت شېئىرىي تىياتىرخانا قۇرماقچى بولدى. تورپېسپىندىكى چاغدا، ئۇ داغدۇغىلىق ھالدا ئۆزىنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى باشلىغانىدى، بايروئىتقا كەلگەندىن كېيىن، قۇرۇش خىزمىتىنى تېزلەتتى، ناھايىتى تېزلىكتە ھەيۋەتلىك، كۆركەم چوڭ زال قەد كۆتۈردى. 1872 ـ يىلى 22 ـ ماي ۋاگنېر ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەيدىغان بۇ كۈندە تەنتەنىلىك ئۇل سېلىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. نىچشې تەكلىپ بويىچە يولغا چىقتى.

شۇ كۈنى ھاۋا رايى ناھايىتى ئوسال بولۇپ، بوران ـ چاپقۇن چىقىسىمۇ، مۇراسىم تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. ۋاگنېرنىڭ سادىق شاگىرتلىرى سىرتتا تۇرۇپ يامغۇرغا قارىماي ئۇل تاشنىڭ قويۇلۇشىغا قاراپ تۇردى، ۋاگنېر ئۆزى يازغان بىر شېئىرنى ئۇل تاشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، كېيىن بىر گۈرجەك توپا بىلەن يېپىپ قويدى. كەچلىكى ئۇ دوستلىرىنى مۇزىكا ئاڭلاشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۆزى دىرىژورلۇق قىلدى. كۆپچىلىكنىڭ قايناق ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تاشتى. ئويۇن ئاياغلاشقاندا، ئۇلار « ۋاگنېر، ۋاگنېر» دەپ توۋلاشتى، نىچشېمۇ تەسىرلەندى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ھەر ۋاقىت ئۇستازى ئۈچۈن جەڭگە كىرىشكە تەييارلىنىۋاتقاندەك بىر كۈچ مەۋج ئۇردى. بىراق، ئۇ ناھايىتى تېزلىكتە بايروئىت شېئىرىي تىياتىرخانىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ـ قازىنالماسلىقى ۋاگنېرنىڭ سەنئەت تالانتىغا ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن زور دەرىجىدە خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇنى ياخشى

كۆرىدىغان ـ كۆرمەيدىغانلىقىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. بۇ نىچشېنىڭ تەبىئىتىگە خىلاپ بولۇپ ئۇ بېسىم ھېس قىلدى. ئەمما، بۇ چاغدا ۋاگنېرمۇ ئۇنى ھەيران قالدۇردى ھەم خاتىرجەمسىزلەندۈردى. ئۇ تورپىسىنىدىكىگە ئوخشاش يېقىملىق، بىمالال، تەمكىن ھالدا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىدىغان كۆڭلى - كۆكسى كەڭ ئۇستاز ئەمەس ئىدى، ئۇ كۆڭلى - كۆكسى تار، مۇستەبىتتەك كۆرۈنەتتى. نىچشې يەنە بىر كاتتا مۇزىكىشۇناس بارتولىد مېندېلسوننىڭ تۇغقىنى بىلەن بىرلىكتە ئىتالىيىگە بېرىپ ساياھەت قىلماقچى بولدى، لېكىن ۋاگنېر بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئىنتايىن نارازى بولدى ۋە ئاچچىقلاندى، چۈنكى ئۇ بۇ جەمەتكە ئۆچ ئىدى. ئاخىر نىچشې بۇ پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ گاڭگىراپ قالدى، نېمىشقا ئۆزىنىڭ ئۇستازى بۇنداق قىلىدىغاندۇ؟

نىچشې ئۆزى قىياس قىلغان بىلىم باغچىسى شەكلىدىكى موناستىر قۇرۇش پىلانىنى زادىلا ئېسىدىن چىقارمىدى، ئۇ گېرمانىيىنىڭ شىمالىغا بېرىپ نۇتۇق سۆزلەشنى ھەم مۇۋاپىق ھەمراھ تېپىشنى ئويلىدى. لېكىن، ۋاگنېر ئۇنىڭ باشقا جايغا كەتمەي، دوستىنىڭ ئۆزىگە مەدەت بېرىشىنى ئارزۇ قىلدى، ئۇ نىچشېنى «بىزنىڭ كەلگۈسىدىكى مائارىپ تۈزۈمىمىز» توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى. نىچشې بۇ تەكلىپنى مەنپەئەتپەرەسلىك تۇسىگە ئىگە، دەپ قاراپ رەت قىلدى. ۋاگنېر قاتتىق ئاچچىقلىنىپ نىچشېنى ئۆزى قىزىقىدىغان ئىشنىلا قىلىدۇ، دەپ ئەيىبلىدى. نىچشې بۇرۇنقى ئۇستازىنىڭ غەرەز ئۇقمايدىغان، مۇتتەھەملىك قىلىدىغان تەكەببۇرغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئىككىسىنىڭ تەڭدىشى يوق يالقۇنلۇق دوستلۇق ھېسسىياتىدا دەز پەيدا بولدى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا «كەلگۈسىدىكى تىلشۇناسلىق ـــ ف. نىچشېغا جاۋاب» دېگەن كىتابچە نەشر قىلىندى. ئاپتور ۋىلاموۋىس نىچشېنىڭ پىفودادىكى ساۋاقدىشى ئىدى. ئۇ ئاشۇ

چاغدا 24 ياشتا بولۇپ، بېرلىندا ئەمدىلا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنىدى. كېيىن ئۇ ئەڭ مۇھىم گېرمانىيە تىلشۇناسلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ بۇ كىتابىنىڭ تېمىسى ۋاگنېر ئىشلىتىپ ئادەت قىلىۋالغان «كەلگۈسىدىكى مۇزىكا»غا مەسخىرىلىك تەقلىد قىلىپ قويۇلغان بولۇپ، مەزمۇنى نىچشېنىڭ نەزەرىيىسىگە قارىتىلغانىدى. ئۇ قىزغىن ھەم قەتئىي ھالدا نىچشېنىڭ «تراگېدىيىنىڭ مەيدانغا كېلىشى» دېگەن ئەسىرىدە مەسخىرە قىلىنغان قەدىمكى زاماندىكى ئىلىم - پەننى قوغدىغان:

«... مەن بۇ جايدا بىرنەچچە مىڭ يىللىق تەرەققىياتنىڭ ئىنكار قىلىنغانلىقىنى كۆردۈم؛ بۇ يەردە مۇجمەل بولغان بىر خىل ئۈمىدسىزلىكنىڭ يېرىم خۇشال، يېرىم قايغۇلۇق رەسۋاچىلىقىنى ئېچىنىشلىق ھالدا ئاشكارىلاش ئۈچۈن بەزىلەر پەلسەپە ۋە دىنىنىڭ ئىلھاملىرىنى يوققا چىقاردى؛ بۇ يەردە بەزىلەر مەبۇدلارنى ئۆرۈپ چاققان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىزنىڭ ئاسمىنىمىزنى شېئىر ۋە تەسۋىري سەنئەت بىلەن تولدۇرۇپ، مەبۇدلارنىڭ خارابىسىدىكى مەبۇد رىخارىد ۋاگنېرغا سەجدە قىلماقچى بولغان.»

مىلاموۋىس نىچشېنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىگە ھۇجۇم قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ تىلشۇناسلىق بىلىملىرىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇ نىچشېنى تارىخىي دەۋرلەرگە ئەھمىيەت بەرمىگەن، قەدىمكى يۇنان شائىرى ھومېردىن كېيىنكى ماقالىنى خاتا ھالدا ھومېردىن بۇرۇنقى ماقالە دەپ قارىغان، دەپ تەنقىد قىلىپ، بىر تالاي چۈشىنىكسىز نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

نىچشېنىڭ دوستلىرى بۇ ئىشتىن غەزەپلەندى، لېكىن رودې بۇ بەس - مۇنازىرىلىك ماقالىگە بېرىلگەن جاۋاب نىچشېنىڭ سالاھىيىتىگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، دەپ قاراپ، نىچشېغا پەرۋا قىلماسلىقنى تەكلىپ قىلدى. بۇ چاغدا، ۋاگنېر «شىمالىي گېرمانىيە ئاممىباب گېزىتى»دە بىر پارچە ئوچۇق خەت يېزىپ

نىچشىنىڭ ئاقلىدى ۋە ئۆزى بىلەن نىشچې ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان ئارازلىقنى تۈگەتمەكچى بولدى. لېكىن، ۋاگنېر قانداق قىلغان بىلەن تىلشۇناس بولمىغاچقا، توغرا ئىسپات ئارقىلىق تولۇق رەددىيە بېرەلىگەن تەنقىدنى ئوتتۇرىغا قويالمايتتى. شۇڭا، رودې ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ ئىلمىي سەۋىيىگە ئىگە بىر پارچە ماقالە يېزىپ دوستىنى قوغدىدى. ئۇ مىلاموۋىسقا كۆچلۈك دەككە بېرىپ، مىلاموۋىس نىچشىنىڭ مەقسىتىنى بۇرمىلىغان ھەمدە خاتا ئىپادىلىگەن، دەپ كۆرسەتتى. مىلاموۋىس رودې چىن قەلبىدىن ئۇنىڭ كۆزقارىشىنى قوللايدۇ، رودىنىڭ ماقالىسى پەقەت دوستىنى مەنىۋى جەھەتتىن قوللاش ئۈچۈنلا يېزىلغان ماقالىدىن ئىبارەت، دەپ رەددىيە قايتۇردى. ئەھۋال شۇنداقمۇ، ئەمەس، بۇنىڭدىن خەۋىرىمىز يوق. پەقەت رەسمىي مۇنازىرە شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى. لېكىن، نىچشې غەلىبە قىلالمىغانلىقىنى سەزدى. تىلشۇناسلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىر تەرەپكە ئېغىپ، ئاساسىي جەھەتتىن مىلاموۋىسنىڭ كۆزقارىشىنى قوللىدى. بۇ جايدىكى بىر نۇقتىغا بىزنىڭ دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. نىچشىنىڭ تەنھا ھالدا ئىزدىنىش يولىغا مېڭىشى پۈتۈنلەي تەبىئىي بولۇپ، ئۆزى تاللىۋالغانىدى. بىز ئۇنىڭ دەسلەپتە بازېل ئۇنىۋېرسىتېتىغا بارغان چاغدىكى ئەھۋالىنى ئەسلەپ باقايلى. ئۇ كىشىلەر ھۆرمەت قىلىدىغان، شۆھرەت قازانغان ياش ئالىم ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ پىكرىنى ۋە ھۆكۈمىنى ئەستايىدىل ئويلىشاتتى. ئۇ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نەزىرىدە خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئۇ 25 يېشىدا پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن بولۇپ، مائاشى يۇقىرى ئىدى، يېتەرلىك بوش چاغلىرى ۋە ياخشى دوستلىرى بار ئىدى. ئۇ بەك كۆپ مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالماي، بۇرژۇئازىيىنىڭ كاپالەتكە ئىگە بىر خىل تىنچ تۇرمۇشىنى كەچۈرسە بولاتتى. لېكىن، ئۇنىڭدا توغۇلۇشىدىنلا ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلمايدىغان روھ بار ئىدى، ئۇ دائىم ئاددىي

مەنىدىكى بەختلىك تۇرمۇشتىن قانائەتلەنمەيتتى. ئۇنىڭ ئىقتىدارى ۋە خاراكتېرى ئۇنى روھىي جەھەتتە ئۇزلۇكسىز ئىزدىنىدىغان، ئۇزلۇكسىز ئۆگىنىدىغان قىلىپ يېتىلدۈرۈپ، ئاخىر غېرىبانە ئاسىيغا، يامان ئىجتىمائىي ئادەتلەردىن نەپرەتلىنىدىغان ئالدىن بىلەر كىشىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدى. «تراگېدىيىنىڭ مەيدانغا كېلىشى»نىڭ مەغلۇپ بولۇشى دەسلەپكى ئوڭۇشسىزلىق ئىدى، ياش نىچشې تېخى ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرايدىغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ تىز پۈكمەيدىغانلىقىنى، قانائەتلەنمەيدىغانلىقىنى، تەپەككۇر پادىشاھلىقىدىكى سەيلىسىنى توختاتمايدىغانلىقىنىلا بىلەتتى.

ئۇ «ئىلىم ساھەسى»نىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچراشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ بەكرەك ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. قەدىمكى يۇنان ئەسەرلىرىنى قايتىدىن ئوقۇدى، بۇ كىتابلار كىشىنى ئىنتايىن ھۇزۇرلاندۇراتتى. ئۇ ئاشۇ ئېسىل ئەپسانىلەر ئىچىدىن كۈچ ۋە گۈزەللىك ئېلىپ، «ھومېرچە كۈرەش» دېگەن بىر قىسقا ماقالىنى يېزىپ چىقتى. بۇ ماقالە ۋاگنېرنىڭ مىستىتسىزم تەسىرىدىن زور دەرىجىدە قۇتۇلدى. نىچشې ماقالىسىنى پروفېسسور رىچىلغا ئەۋەتىپ بەردى. ئىككىنچى يىلى فېۋرالدا ماقالە ئېلان قىلىندى. ئارقىدىنلا نىچشې ئۇزاققا سوزۇلغان خىزمىتىگە تۇتۇش قىلىپ تېلىس، پىفاگور، ھېراكلىت، ئېمپېدوكل قاتارلىق قەدىمكى يۇناننىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى پەيلاسوپلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىشنى باشلىدى. قىسقىغىنا بىرنەچچە كۈن ئىچىدە چوڭ بىر دەپتەرگە توشقۇچە خاتىرە يازدى.

بۇ كىتابلاردىن باش كۆتۈرگەن چاغدا، نىچشې يەنە رېئال تۇرمۇشقا قايتىپ كەلدى. ئۇ يەنىلا ئاشۇ بىرنەچچە مۇقىم دوستلىرىدىن تەشكىل تاپقان كىچىك دائىرە ئىچىدە نەپەسلەندى.

ئۇ تەشۋىشلەنگەن هالدا ۋاگنېرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئېيتقان هەر خىل خۇشامەت سۆزلىرىنى ئاڭلىدى، لېكىن ئۇ يەنىلا بۇ ھۆرمەتلىك دوستلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە دىققەت قىلدى. 1872 ـ يىلى ئىيۇلدا نىچشې مۇزىكانت بىلوف دىرىژورلۇق قىلغان «تىلىستان»نى ئاڭلاشقا ميۇنخېنغا باردى. ئۇ جايدا نىچشې ۋاگنېرنىڭ باشقا شاگىرتلىرىنى ئۇچراتتى. يەنە كونا دوستى گېستوف ۋە بايروئىتتىكى مۇزىكا بايرىمىدا تونۇشۇپ قالغان فرولىن فون مېسىنبۇگ خېنىم بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ 50 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاسان ئۇچرايدىغان ئەقىللىق ۋە ئوماقلىقىنى ساقلاپ قالغانىدى. نىچشې ئۆزىنىڭ يېڭى ـ كونا دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە بىرنەچچە كۈنىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدى. ئايرىلىش پەيتىدە ھەرقايسىسى كۆزىنى قىيالمىدى ۋە ئەپسۇسلاندى.

فرولىن دائىم ۋاگنېرنىڭ پائالىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى، مەيلى ئۇششاق ـ چۈششەك ياكى چوڭ ئىش بولسۇن ھەممىسىنى نىچشېغا يەتكۈزۈپ تۇردى. ۋاگنېر ئەمدىلا تۆت يۈرۈشلۈك سەھنە ئەسىرىنىڭ ئاخىرقى قىسمى «مەبۇدلارنىڭ زاۋالى»نى پۈتتۈردى. «مەن قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە (شان ـ شەرەپ خۇداغا مەنسۇپ دېگەن مەدھىيىنى ئاڭلىدىم) فرولىن خېتىدە شۇنداق يازغان ھەم نىچشېغا ئاشكارىلاپ مەن دەل ئىتالىيە ئايال پادىشاھىنى قايىل قىلىپ، ئۇنى بىر ئايال ئاقسۆڭەك ياردەمچىسىنىڭ ھامىيسى بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ۋاگنېرغا چوقۇنغۇچىلار ئىتتىپاقىغا كىرگۈزۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتىمەن، دېگەن.

نىچشېدا دىنغا قاتتىق نەپرەتلىنىدىغان ھېسسىيات بار ئىدى ۋە بارلىق خۇشامەتچىلىكتىن نەپرەتلىنەتتى، لېكىن ئۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاش بۇ دوستىنىڭ خېتىنى تەنقىد قىلمىدى. مەيلى نېمىلا بولسۇن، فرولىن يەنىلا قەلبى پاك، نازاكەتلىك ئايال ئىدى، نىچشې ھەممە ئادەمدىن ئۆزىگە ئوخشاش مۇستەقىل

ھەرىكەت قىلىشنى تەلەپ قىلىسا بولمايتتى.

داۋاملىق خىزمەت قىلىش ئىچىشىنى قاتتىق چارچىتىپ قويىدى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسىزلىق كېسىلى يەنە قوزغالدى. دائىم ئىككى ـ ئۈچ كۈندە كۆڭلى ئارام تېپىپ بىرئاز ئۇخلىيالايتتى، ئۇ مەجبۇرىي ئارام ئالاتتى. يازنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئىتالىيىگە بېرىپ ساياھەت قىلىسا ئۇنىڭ جىسمانىي كۈچى ئۇنۇملۇك ئەسلىگە كېلەتتى. ئاخىر ئۇ ئىتالىيە چېگراسىدىكى تاغلىق رايونغا باردى. تەبىئەت بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

«ھازىر مەن ئۆزۈم يالغۇز شۋېتسارىيە بىلەن ئىتالىيە چېگراسى ئەتراپىدا تۇرۇۋاتىمەن، — دەيدۇ ئۇ 1872 ـ يىلى ئاۋغۇستتا گېستوفقا يازغان خېتىدە، — مەن ئۆزۈمنىڭ تاللىشىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولىمەن. بۇ باي ھەم ئۆزگىچە پاناھلىنىدىغان جايدا دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق، تەسىرلىك يوللار بار، مەن دائىم بىرنەچچە سائەت بۇ يوللارنى بويلاپ سەيلە قىلىمەن. يەنە بىر تەرەپتىن چوڭقۇر ئويلىنىمەن. مەن ئەزەلدىن ئېگىز ۋە تىك ياردىن يىقىلىپ باقمىغان. ئەتراپىقا نەزەر سالسا بەزى يېڭى گۈزەل مەنزىرىلەر كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. پوچتا ھارۋىلىرى ئۆتۈپ، بۇ جايدا نۆۋەت ئالماشقاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ جايدا تۇرمۇشنىڭ ئىزنالىرى يوق دېگۈدەك. مەن پوچتا ھارۋىلىرىدىكى كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە تاماق يەيمەن، بۇ بىزنىڭ بىر خىل ئالاقىمىز. كېيىن ئۇلار مەن تۇرۇۋاتقان غارنىڭ ئالدىدىن خۇددى پلاتونچە ئەرۋاھقا ئوخشاش غايىب بولىدۇ.»

ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرىدا نىچشې تاغلىق كەنتكە كەلدى ۋە قانغۇدەك ئارام ئېلىپ، بازېل ئۇنىۋېرسىتېتىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۆزى ئاچقان ھومېر توغرىسىدىكى مۇھاكىمە دەرسى ۋە لېكسىيە دەرسىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاللىمىغانلىقىغا ھەيران قالدى. نائىلاج غەيرىي تىلشۇناسلىق كەسپىدىكى ئىككى

ئوقۇغۇچىغا ھەر ھەپتە ئۈچ سائەت گرېك يېزىقى ۋە لاتىن يېزىقىدا ئىستىلىستىكا دەرسى تەسىس قىلدى. نىچشې بۇنداق چەتنەشنىڭ سەۋەبىنى ئەلۋەتتە بىلەتتى. گېرمانىيىدىكى تىلشۇناسلار ئۇنى «ئىلمىي ھالدا ئۆلگەن كىشى» دەپ جاكارلىغانىدى، بۇ نىچشېغا قىلىنغان جىسمانىي ھۇجۇم ئىدى.

نىچشې قايغۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بوشىشىپ كەتمىدى. ئۇ ۋاقىتنى كۈتۈپ تۇرۇپ ھۆكۈم قىلماقچى بولدى. سادىق دوستى رودې يەنە ماقالە يېزىپ ئۇنىڭ ئەسىرىنى قوغدىدى. بىراق، بىرمۇ ئوبزور خاراكتېرلىك ژۇرنال رودېنىڭ ماقالىسىنى قوبۇل قىلمىدى. ئاخىر رودې نائىلاج ماقالىنى ئۆزگەرتىپ ۋاگنېرغا يازغان خەت شەكلىدە ئېلان قىلدى. نىچشې بۇنىڭدىن ئىنتايىن تەسىرلەندى. ئۇ جاۋاب خېتىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«... مەن چوڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەندەكلا قىلىمەن. بىراق، ھازىر سېنىڭ ماقالەڭ ئېلان قىلىنىدى، ئۇ بىزنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىمىزنىڭ نېمىدېگەن كۈچلۈك، نېمىدېگەن جۈرئەتلىك پاكىتى ـ ھە! مېنىڭ دوستلىرىم بۇنىڭدىن خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ. ئۇ زېرىكمەستىن سېنىڭ پۈتۈن ماقالەڭنى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى تەپسىلاتىنى ماختايدۇ؛ ئۇلار سېنىڭ ماقالەڭنى لېسسىڭنىڭكىگە قارىغاندا قايىل قىلارلىق دەپ قارايدۇ ... مېنى ئەڭ خۇشال قىلغىنى ئۇنىڭدىكى چوڭقۇر ھەم تەھدىت خاراكتېرىدىكى مۇراجىئەت خۇددى گۈلدۈرلەپ چۈشۈۋاتقان ھەيۋەتلىك شارقىراتمىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدۇ، قەدىرلىك دوستلار بىز چوقۇم باتۇر بولايلى. مەن بىزنىڭ ئىلگىرىلىشىمىزگە، بىزنىڭ تەرەققىياتىمىزغا مەڭگۈ تولۇق ئىشەنچ قىلىمەن. ئىشەنچىم كامىلكى، بىز باشتىن ـ ئاخىر يۈكسەك ئارزۇ ـ تىلەكلىرىمىزنى تەۋرەنمەي چىڭ ساقلاپ، كۈچىمىزنى كۆپەيتىمىز. مەن قەتئىي ئىشىنىمەنكى، بىز چوقۇم تېخىمۇ يۈكسەك، ئارزۇ ـ تىلەكلەرگە ئىنتىلگەن ھالدا مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەقسىتىمىزگە

يېتەلەيمىز. توغرا، بىز بۇ مەقسەتلەرگە يېتەلەيمىز، كېيىن ئىستېپلا قىلغۇچى سۈپىتىدە، نىشانىنىڭ تېخى يىراقتا ئىكەنلىكىنى بايقايمىز، بىز ئاتاكىغا ئۆتۈپ ئالغا ئىلگىرىلەيمىز، باشتىن ـ ئاخىر باتۇرلۇقنى ساقلايلى! بىزنىڭ ئاتاكىغا ئۆتكەنلىكىمىزنى دىققەت بىلەن كۆزىتىۋاتقانلار نېمىدېگەن ئاز، يوق دېيەرلىك، بۇنىڭ بىز بىلەن نېمە ئالاقىسى؟ مۇبادا بىزنىڭ بارلىق تاماشىبىنلىرىمىز پەقەت بۇ كۆرەشنى تەنقىد قىلىدىغان ئەڭ ئەقەللىي قابىلىيەتكە ئىگە كىشىلەر بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا نېمە بوپتۇ؟ بارلىق ۋاقىت مېنى ئىگە قىلغان شان ـ شەرەپنى مەن تەڭداشسىز تاماشىبىنلارغا، ۋاگنېرغا تەقدىم قىلدىم، ئۇنى رازى قىلىشتىكى كۈچلۈك ئارزۇ تەسىرىگە ئىگە ھەرقانداق كىشىگە قارىغاندا مېنى تېخىمۇ ئىلھاملاندۇردى.»

1873 ـ يىلى ئاپرېلدا نىچشې «يۇنان تراگېدىيىسى دەۋرىدىكى پەلسەپە» دېگەن ماقالىسىنى ئېلىپ، بايرۇئىتقا — ئەر ـ خوتۇن ۋاگنېرلارنى زىيارەت قىلىشقا باردى ھەمدە ئۇلار بىلەن ئۇدا بىرنەچچە كۈن پاراڭلاشتى. ۋاگنېر بايرۇئىتقا كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزى كۈرەش قىلىدىغان ئىشقا كىرىشىپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ ئائىلىسى دائىم ئاقىلانە كىشىلەر ئولتۇرۇشى بىلەن تولغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. نىچشې ئۇستازى بىلەن ئايرىم بىللە بولالمىغىنىغا ئۇزاق بولغانىدى. ۋاگنېر تەبەسسۇم بىلەن نىچشېنىڭ پەلسەپە مۇلاھىزىلىرىنى ئاڭلاپ، پات ـ پات ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى قوشۇپ قوياتتى، بۇ ھالەت ھازىر ئۇنىڭ ھەدېسىلا مەنمەنلىك قىلىپ ئۆزىنىڭ بايرۇئىتتىكى پىلانى ئۈستىدە گەپ ساتىدىغان ئەھۋالىغا ئوخشىمايتتى. نىچشې سوقرات، ئاناكسىماندىر، ھېراكلىت، دېموكرىت قاتارلىق يۇنان پەيلاسوپلىرى قەيسەر خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئەل ئارىسىدا يۈرۈپ ئۆزىنى پىدا قىلغان بىلىملىك كىشىلەر ئىدى، دەپ قارايتتى. نىچشې ئۇلارنى ئۈلگە

قىلىشقا ئىرادە باغلىدى. ئۇلار يەنە داۋىد فرېدرىخ شترائۇس ھەققىدە پاراڭلاشتى، شترائۇسنىڭ 27 ياش ۋاقتىدا يازغان، چوڭ بەس ـ مۇنازىرە قوزغاپ خرىستىئان دىنىنى ئەجەللىك تەنقىد قىلغان «ئىيسانىڭ تەرجىمىھالى»دىن نىچشې كۈچلۈك ئىلھام ئالغانىدى. بىراق، شترائۇس ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا «گېرمانىيە خەلقى ئۈچۈن تۈزىتىپ باشقىدىن ئىشلىگەن ئىيسانىڭ تەرجىمىھالى»نى نەشر قىلىپ، يېڭىۋاشتىن ئىلاھىيەتكە قايتقانىدى. نىچشې قەتئىي بولمىغان بۇنداق ئەسلىگە قايتىپ كېلىشكە قاتتىق نەپرەتلەنەتتى. ۋاگنېر بىلەن ئۇزاق پاراڭلىشىش جەريانىدا، ئۇ شترائۇسنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ يازغان «كونا ـ يېڭى ئېتىقاد» دېگەن ئەسىرىنى تەنقىد قىلىپ ماقالە يېزىش نىيىتىگە كەلدى.

نىچشې دائىم گېيوتېدىن گەپ باشلاپ لېسسىڭغا كەلگەندە: «بۇ ئاتاقلىق بىچارە ئادەم، بۇ بىچارە مۇشۇنداق ھالى خاراب بىر دەۋردە ياشىغان، بۇ بىچارە ئۇزلۇكسىز بەس ـ مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولغان» دەيتتى. ئۇ بەس ـ مۇنازىرىنى ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ قارىغان. شۇڭا، ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن رەقىب ئىزدىگەن. ئەينى ۋاقىتتا شترائۇس ھۆكۈمەت پەلسەپىسىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. پرۇسسىيە پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ۋە خەلق ئاممىسى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىدىغان ئۇمىدۋارلىق كەيپىياتىغا چۆمدى. شترائۇسنىڭ «كونا ـ يېڭى ئېتىقادى» بۇنداق كەيپىياتقا ۋەكىللىك قىلاتتى.

« مەن پەقەت بىزنىڭ قانداق تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىمىز ـ نى، ـــ دەپ يازىدۇ شترائۇس، ـــ قانداق قىلىپ ئۇزاقتىن بۇيان ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا قوماندانلىق قىلىشقا ئاستا ـ ئاستا ئادەتلىنىپ قالغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرۈشنى ئويلايمەن. بىزنىڭ كەسپلىرىمىزنى سىلىشتۇرىدىغان بولساق ... چۈنكى بىز ھەر خىل كەسپلەرگە تەۋە، بىز نوقۇل سەنئەتكار ياكى ئالىم ئە ـ

مەس، بەلكى بىرلا ۋاقىتتا بىز ئەمەلدار، ئەسكەر، ھۈنەرۋەن ياكى
خوجايىن؛ مەن بۇرۇنمۇ ئېيتقان ھەمدە يەنە ئېيتىپ قوياي: بۇ
كىشىلەر ئاز سانلىق ئەمەس، بەلكى ھەددى ـ ھېسابسىز. باشقا
دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىزنىڭ كەسپلىرىمىز بىلەن
سېلىشتۇرغاندا بىزنىڭ يەنىلا يامان ئەمەس. مەن ئېيتىمەنكى،
بىز ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ساقلاپ كېلىۋاتقان ئۆزىمىزنىڭ قەل-
بىنى ئىنسان ماھىيىتى ئەڭ كۈچلۈك بولغان كۈچلەرگە ئېچى-
ۋېتىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ قەلبىمىز بۇ كۈتمىگەن يەردىن
چىققان ئاجايىپ يېڭى تەقدىرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭ دۇ-
لىتىمىز ئاشۇنداق ئۇزاق بالايىئاپەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بەرداش-
لىق بەرگەنىدى. بۇ نەرسىلەرنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈ-
چۈن، بىز ھەممە كىشى كۆرۈپلا بىلىدىغان بۇ قوللانمىنىڭ يار-
دىمى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنى بىلىشىمىزنى كې-
ڭەيتىشىمىز كېرەك. ئاخىر بىز ئوقۇش جەريانىدا ئۇلۇغ شا-
ئىرلارنى بايقايمىز، ئاڭلاش جەريانىدا ئۇلۇغ مۇزىكانتلارنى بايقاي-
مىز، بىز روھ بىلەن ھېسسىيات، تەسەۋۋۇر بىلەن قەلبىنىڭ ھا-
ياجانلىنىشىنى تاپىمىز، بۇ تەسىر كۆرسىتىش ھەقىقەتەن ناھا-
يىتى مۇكەممەل بولىدۇ. بىز شۇنداق تۇرمۇش كەچۈرىمىز، بىز
ئاشۇنداق خۇشاللىق ئىچىدە ئالغا ئىلگىرىلەيمىز.»

ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك ئېغىر بولمىغان، قارىغۇلارچە ئۈمىدۋار
بولغان مىللەت ئۈمىدسىز مىللەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نىچشې
ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالدايدىغان بىخۇدلۇق ياكى مەيتۇن
بولۇشقا تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى. مايىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە،
ئۇ يېتەرلىك ماتېرىياللارنى توپلاپ، پۈتۈن خىزمەتنىڭ
تەييارلىقىنى پۈتتۈردى. بىراق، سالامەتلىكىنىڭ ئاجىزلىقى
ھەدېسىلا ئۇنىڭ بىلەن قېرىشاتتى. ئۇ تۇرۇپلا
ماغدۇرسىزلىنىپ، بېشى قاتتىق ئاغرىپ كەتتى، كۆزلىرى
ھەرقانداق يورۇقلۇققا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى، مانا بۇلار ئۇنىڭ
كۆڭلىگە پۈككەن ئىشنى قىلىشقا يول قويمىدى. قىسقىغىنا 12

كـۆن ئـچـىـدە ئۇ پوتونـلەي دىگۆدەك بـىـر ئەماغـا، بىر مىـيـىـپـكـە ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ دوستلىرى ۋە سەپداشلىرىدىن ئوفبېك بىلەن رومتې پوتون كۈچى بىلەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆز خىزمىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايتتى. دەل ئىتالىيىدە ساياھەت قىلىۋاتقان گېستوف بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تېزلىكتە يېتىپ كەلدى. ئۇ بىر باي ئائىلىنىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى ئاكىسى ئۇرۇشتا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئۇ پەلسەپىگە بولغان قىزىقىشىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولۇپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئائىلىسىنىڭ يەر ـ مۈلۈكلىرىنى باشقۇرغانىدى. ئۆتكەن يىلى ئېيۇلدا گېستوف مېيونخېندا ئالدىراش بىللە بولغاندىن كېيىن، كۆپ يىلدىن بۇيان نىچشېنى كۆرمىگەنىدى. لېكىن، دوستلۇق رىشتى بۇرۇنقىدەكلا ئىدى. بۇ كەم سۆز، مۇلايىم، كۆيۈمچان ياش مۆتىۋەر دوستىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشتەك ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالدى. رومتېنىڭ دوستى بولمۇ ئۇنىڭغا ياردەملەشتى. نىچشېنىڭ ئىجادىيىتى ئىنتايىن قىيىنغا توختىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئويلاپ بىر تەرەپتىن ئېيتاتتى، سادىق دوستى گېستوف ئۇنىڭ سۆزلىگەن بايانلىرىنى تېزلىكتە خاتىرىلەيتتى. بۇ ماقالىنىڭ تېمىسى. «پۇشايمان قىلغۇچى ۋە يازغۇچى داۋىد شترائۇس» بولۇپ، شترائۇسنىڭ گېرمانىيە چاكىنا مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىلى ئىكەنلىكى تەنقىد قىلىنغان ھەمدە گېرمانىيىنىڭ فرانسىيىنى مەغلۇپ قىلىشى گېرمانىيە مەدەنىيىتىنىڭ تېخىمۇ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئەمەس، دەپ كۆرسەتكەن. ماقالىدىكى غەزەپلىنىش ئىبارىلىرىنىڭ ئىنتوناتسىيىسى ئانچە ئوبيېكتىپ بولمىسىمۇ، لېكىن جەڭگىۋار ئەيىبلەش جاسارىتى ۋە ھاياتىي كۈچ بىلەن تولغان.

ماقالە 6 ـ ئىيۇننىڭ ئاخىرىدا ئەۋەتىلىپ ئاۋغۇستتا نەشر قىلىندى، كېيىن «دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماس كەلمىگەن

تەكشۈرۈش» دېگەن تويلامىنىڭ بىرىنچى قىسمى قىلىپ كىرگۈزدى.

ئەسەر پۈتكەندىن كېيىن، نىچشىنىڭ كېسەللىكى خېلى ساقىيىپ قالدى. ئۇنىڭ سىڭلىسى كېلىپ ئۇنى گىرېنسىن تاغلىق رايونىغا ئەكەتتى. بىرنەچچە ھەپتە دەم ئېلىش ئارقىلىق نىچشىنىڭ باش ئاغرىقى ئاستا ـ ئاستا يېنىكلىدى، كۆرۈش قۇۋۋىتىمۇ بىر ئاز ئەسلىگە كەلدى.

بىر كۈنى ئۇ سىڭلىسى بىلەن سىرتنى سەيلە قىلىۋاتقاندا خىلۋەت قەلئەنى كۆرۈپ قالدى. «بىزنىڭ دەھرى موناستىرىمىزنى بۇ چىرايلىق خىلۋەت جايغا قۇرساق. بۇ نېمىدېگەن چىرايلىق جاي ـ ھە ! » دېدى نىچشې خۇشاللىق بىلەن. قەلئە دەل سېتىلماقچىدى. ئۇلار بىرلىكتە قەلئەگە كىرىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممە نەرسىنى خۇشاللىق ۋە ھەۋەس بىلەن كۆردى، ئوت ـ چۆپلەر قويۇق ئۆسكەن كىچىك گۈللۈكتە تاش ئۈستەل، تاش ئورۇندۇق قويۇلغانىدى. كەڭ پېشايۋانغا چىقسا كۆز يەتكۈسىز تەبىئەت مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلانغىلى بولاتتى. ئۇ خۇددى بۇ جاينىڭ خوجايىنىدەك ھەربىر ئۆينى كۆرسىتىپ تەقسىم قىلغىلى تۇردى. ئۇ يەنە قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا يامغۇر ـ يېشىندىن پاناھلىنىدىغان كارىدور ياساپ، ھاۋا يامان كۈنلىرى دوستلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدىغان جاي قىلىشنى پىلانلىدى، ئوي ـ پىكرى بىر يەردىن چىقىدىغان بىر توپ دوستلىرى بىلەن بۇ جايدا خۇشاللىق بىلەن باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئويلىدى. ئاخىر تاقەت قىلالماي بۇ پىلاننى فون فرولىنغا ئېيتىپ بەردى. فرولىنمۇ ئىنتايىن خۇشاللىققا چۆمدى: ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئائىل خوجىدار بولماقچى بولدى. ئۇ ھەتتا ئۆي ئىگىسىگە خەت يېزىپ ئۆينىڭ باھاسىنى سورىدى، لېكىن نۇرغۇن ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇلمىغاچقا، ئاخىر بۇ پىلانمۇ ئاقماي پەقەت، بىر گۈزەل چۈش قاتارىدا خېلى يىللارغىچە نىچشىنىڭ كۆڭلىدىن

چىقمىدى.

نىچشې خىلۋەت تاغلىق رايوندىن شەھەرگە قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ كىتابچىسىنىڭ كەسكىن مۇنازىرە قوزغىغانلىقىنى ھەيرانلىق بىلەن بايقىدى. ئۇنىڭ دوستلىرى يەنىلا ئۇنى قوللىدى. كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ بەزى تەنقىدچىلەرمۇ بۇ كىتابچىنى مۇئەييەنلەشتۇردى. بىر تەنقىدچى: «بۇ كىتابچە گېرمانىيە مىللىي روھىنىڭ ئەستايىدىل تەپەككۇر قىلىش ۋە ئەقلىي ھېسسىياتقا بۇرۇلغانلىقىنىڭ بىر نامايەندىسى بولۇپ قالغۇسى» دەپ يازدى.

لېكىن، قوللاش ساداسى بىلەن غەزەپلىنىپ ئەيىبلەشنى سېلىشتۇرغاندا قوللاش ھەقىقەتەن بەك ئاجىز ئىدى. نىچشېنىڭ گېرمانىيىنى قىلچە رەھىم قىلماستىن ئەيىبلىشى بۇ مىللەتنىڭ بويسۇندۇرغۇچى سۇپىتىدىكى مەنمەنلىك غۇرۇرىغا زىيان يەتكۈزدى. ئۇ نىچشېنىڭ تەنقىدىنىڭ ئۆزىنى قىزغىن سۆيۈشىنى چىقىش قىلغانلىقىنى بىلمەيتتى. كىشىلەر دەۋر ئېقىمىغا قارشى ماڭغان بۇ ياشنى قاتتىق ھاقارەتلەپ ئۆچ ئالدى. نىچشې بۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قالغانىدى؛ ئۇ «مەن دۇنيالىقا چۈشكەن ھالەتتە جەمئىيەتكە ئۆزۈمنى بېغىشلىدىم» دېگەن. ئۇ ھەتتا دەۋرنىڭ يىرگىنچلىك جاراھىتىنى ئېچىپ تاشلىغانلىقىدىن پەخىرلىنىمەن، دەپ ئېيتقان، لېكىن كىتابچە نەشر قىلىنىپ بىرنەچچە ھەپتە ئۆتمەيلا شتىرائۇس ئالەمدىن ئۆتتى، نىچشې ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر ئەسىرى بۇ بوۋاينىڭ جېنىغا زامىن بولدى دەپ قاراپ، كۆڭلى ئىنتايىن ئازابلاندى. ئۇنىڭ تەنقىدى ئەزەلدىن جىسمانىي جەھەتتە ئەمەس، بەلكى ئىدىيىگە قارىتىلغانىدى. نىچشېنىڭ دوستلىرى ۋە سىڭلىسى ئۇنىڭ بۇ گۇمانىنى يوقاتماقچى بولغان بولسىمۇ، ئۇنۇمى بولمىدى.

مەيلى نىچشېنىڭ ماقالىسى قانداق يامان غەرەزدە ھۇجۇمغا ئۇچرىغان بولسۇن، ھەرھالدا جەمئىيەتتە خېلى زور ئەكس تەسىر قوزغىدى. گۇركىرىگەن غەزەپلىنىش ساداسى ئۇنى بېسىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چۇشەلمىدى، بەلكى ئۇنىڭ قەيسەر كۈرەش ئىرادىسىگە كۈچلۈك ئىلھام بەردى. ئۇ بىر غەلىتە بالىغا ئوخشاش، ئاچچىق سۆزلىك ئارقىلىق ئانىسىنى (ۋەتەن) ياخشى كۆرەتتى. نىچشى بەش - مۇنازىرىسىنى تېخىمۇ كەڭ، چوڭقۇر ساھەگىچە كېڭەيتمەكچى بولدى. ئۇ قايتا تەپەككۇر قىلغۇچىنىڭ سەزگۈرلۈكى بىلەن بىر يۈرۈش ئىلمىي ماقالە ئۇستىدە پىكىر يۈرگۈزدى ھەمدە بۇ ماقالىلەرنى «زامانىنىڭ تەلىپىگە ماس كەلمەيدىغان ئىدىيە» دېگەن ئومۇمىي تېما ئاستىدا ئېلان قىلدى. نىچشى جەڭگىۋارلىققا باي بۇ ماقالىلەرنىڭ خۇددى يوقاتقان دەۋرنىڭ يېغىرىغا تېگىدىغانلىقىنى ھەمدە زامانداشلىرىنىڭ ھوجۇمىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى قىياس قىلغانىدى. ئۇ فرولىنغا يازغان خېتىدە ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ناھايىتى ياخشى ئىزاھلاپ: «مېنىڭ ئەڭ چوڭ قىزىقىدىغىنىم ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى ئاشۇ مۇرەككەپ ئەھۋاللارنى چۈشىنىش. بەختكە يارىشا، مېنىڭ ھېچقانداق سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي قارا نىيىتىم يوق، شۇڭا مەن ھېچنىمىدىن ئەندىشە قىلمايمەن، بۇلارغا چېچىلمايمەن، مۇرەسسەچىلىك قىلىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. قىسقىسى، مەن كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام، مەن مۇشۇ ئىدىيىلەر بىلەن پەخىرلىنىدىغان دوستلارنى كۆرگىلى بارىمەن، ئۇلار ئەركىن ئىدىيىگە زادى قانچىلىك سەۋر - تاقەت قىلالاركىن» دېگەن.

نىچشىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئادولف بىمگىتىنى كېسەل ياتقان نىچشىغا گېستوفنىڭ ئورنىدا كىتاب ئوقۇپ بەردى ۋە ئۇنىڭ ئاغزاكى بايان قىلغانلىرىنى خاتىرىلىدى. ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن نىچشى ناھايىتى تېزلىكتە «زامانىنىڭ تەلىپىگە ماس كەلمەيدىغان تەكشۈرۈش »نىڭ ئىككىنچى پارچە ماقالىسى «تارىخنىڭ ھاياتلىققا بولغان پايدا - زىيىنى توغرىسىدا»نى تاماملاپ، ئۇچ خىل تارىخ، خاتىرىلەش، قەدىمكىنى ئەسلەش ۋە تەنقىد قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ «پەقەت كۈچلۈكلەر تارىخنىڭ سىناقلىرىغا

بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. ئاجىزلار ھامان ۋاقىتنىڭ تېز ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ كۆلگە ئايلىنىدۇ» دەپ قارىدى. ئۇ ماقالە يېزىشنى توختاتمىدى. جىددىي ھالدا يەنە «مائارىپچى سۈپىتىدىكى شوپېنخاۋېر» دېگەن ئۈچىنچى ماقالىسىنى يېزىشنى باشلىدى. بۇ ماقالىدە نىچشې پەلسەپىنى كىشىلىك ھاياتتىن ئايرىۋېتىش كۆزقارىشىغا دەككە بېرىپ شوپېنخاۋېرنى ئەندىزە قىلىپ، سەمىمىي ھالدا كىشىلىك ھايات مەسىلىلىرىنى تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

نىچشې قەلەم تەۋرىتىۋاتقان چاغدا كۈتۈلمىگەن بىر ئىش ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئۈزۈپ قويدى. ۋاگنېرنىڭ بايروئىتتىكى ئىشلىرىدا كرىزىس يۈز بەردى. خەلق ئاممىسىنىڭ دەسلەپكى ھەۋىسى ۋە قىزغىنلىقى يوقىلىپ، ئۇلار گۇمان ۋە سوغۇق پوزىتسىيە بىلەن نەزەر سالماقتا ئىدى. تىياتىرخانىنى قامدايدىغان ئايلانما مەبلەغنى توپلاش بارغانسېرى قىيىنلاشتى. ئەسلىدىكى سودا قەرز پۇلى ۋە مۇكاپاتلىق بېلەت تارقىتىش پىلانىمۇ سۇغا چىلاشتى. ۋاگنېر ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرى گېرمانىيىدىكى نۇرغۇن تىياتىرخانىنىڭ مەسئۇللىرىغا خەت يېزىپ، ئۇلاردىن ھەرقايسى تىياتىرخانىلار بايروئىتقا ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن ئىئانە توپلاش ئۈچۈن ئويۇن قويۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى، لېكىن بۇ تەلەپ رەت قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا ھېچكىم ئېرەن قىلمىدى. ۋاگنېر نىچشېنى گېرمانىيىلىكلەرگە بىر پارچە كۆچلۈك مۇراجىئەتنامە يېزىپ، خەلق ئاممىسىنى ئۇنى قوللاشقا چاقىرىشقا تەكلىپ قىلدى.

نىچشې بۇ خىزمەتنى ئەستايىدىل ئىشلىدى. ئۇ گەرچە ۋاگنېر بىلەن نۇرغۇن مەسىلىلەردە ئىختىلاپ يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئۆزىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بۇ ئۇستازنىي ياخشى كۆرگەچكە، ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن بىر كىشىلىك كۈچ

چىقىرىشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرىدا، ۋاگنېر ئىنتىپاقىنىڭ ئەزالىرى يىغىلغاندا، نىچشې ئۆزىنىڭ خىتابنامىسى «گېرمانىيە خەلقىگە مۇراجىئەتنامە»نى ئۈنلۈك ئوقۇدى:

«بىز كۆپچىلىكنىڭ دىققەت بىلەن ئاڭلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز، چۈنكى بۇ نۇتۇق كۆپچىلىككە بېرىلگەن بىر ئاگاھلاندۇرۇش؛ ھالبۇكى، بۇ نۇتۇق كىشىلەرگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، مەيلى ئۇ كەم بولسۇن، شۇنداقلا ئۇ نېمە دېمەكچى بولسۇن ئۇ كۆپچىلىككە دىققەت بىلەن ئاڭلىتىشقا ھوقۇقلۇق ... سىلەر خەتەرلىك ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقانلىقتىن، بىز ئۈنلۈك ۋارقىراۋاتىمىز، چۈنكى سىلەرنىڭ شۇنداق سۈكۈت قىلىشىڭلار، شۇنداق كۆڭۈل بۆلمەسلىكىڭلار، سېزىمىڭلارنى يوقاتقانلىقىڭلاردىن بىز سىلەر ئۈچۈن غەم قىلىۋاتىمىز ... بىز ئىنتايىن سەمىمىي ھالدا سىلەرگە شۇنى دېمەكچىمىزكى، بىزنىڭ ئىنتىلىدىغىنىمىز، ئارزۇ قىلىدىغان مەقسىتىمىز پەقەت سىلەرنىڭ مەقسىتىڭلار، يەنى گېرمانىيىنىڭ مىللىي روھى ۋە ئابرۇيىنىڭ چىقىش يولى ھەم شان ـ شەرىپى ...»

نىچشې ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن تەھدىت ۋە رەھىمسىز سۆزلەردىن قۇراشتۇرۇلغان بۇ خىتابنامىنى ئوقۇپ بولغان چاغدا، زالنىڭ ئىچى جىمجىتلىققا چۆمدى. ئۇ جىمجىتلىق ئىچىدە ئوڭايسىزلانغان ھالدا ئولتۇردى. بىرپەستىن كېيىن، ئاخىر بەزىلەر: «نىچشې ئەپەندىنىڭ بۇ باياناتى پۈتۈنلەي پوپلارچە بىر يىل ۋەز ـ نەسىھەت»، «بەك ئەستايىدىل بولۇپ كېتىپتۇ، ئەمما تاكتىكىسى سىياپە بولۇپ قاپتۇ. ئۇنى ئۆزگەرتىش كېرەك، ئابزاس، ئابزاس بويىچە ئۆزگەرتىش كېرەك»، دېيىشكە باشلىدى. نىچشې سۈكۈت قىلىپ، ئۆزىنىڭ قارشى ئېلىنمىغان بۇ باياناتىنى قايتۇرۇۋالدى. يىغىن زالىدا پەقەت ۋاگنېرنىڭلا ئۇنى قوللىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاخىر بۇ ۋەز ـ نەسىھەت شەكلىدىكى باياناتنىڭ ئورنىنى سىلىق ۋە ئۇستىلىق بىلەن يېزىلغان بىر

مۇراجىئەتنامە ئالدى.

«تارىخنىڭ ھاياتلىققا بولغان پايدا ـ زىيىنى توغرىسىدا» نەشر قىلىندى، ئويلىمىغان يەردىن ئۇمۇ قارشى ئېلىنمايدىغان كىتاب چىقىپ قالدى. نىچشې ھۇجۇم قىلغان بىر قىسىم كىشىلەر سۇكۇتتە تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇ دوستلىرىدىن باشقا بىرمۇ ئوقۇرمەن تاپالمىدى. ياخشى نىيەتلىك دوستلىرى ئامال قىلىپ نىچشېغا تەسەللى بەردى، لېكىن ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئىنكاس بولمىغاندەك ئىدى. ئۇ خۇددى بۇ دۇنيادىن چەتنىگەندەك، ئۆزىنىڭ بۇنداق بىر كىتابنى يېزىپ چىققانلىقىنى ئۇنتۇدى. ئەمەلىيەتتە دوستلىرى نىچشېنىڭ تىنچ تاشقى كۆرۈنۈشىدىن بىر مەيدان ئىدىيىۋى كەسكىن ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمەيتتى. نىچشېنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ئازابى ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قىزغىن چوقۇنغان ۋە ھۆرمەت قىلغان شەيئىسگە نىسبەتەن ئارىسالدى بولۇۋاتقانلىقىدا ئىدى. مانا بۇ ۋاگنېر ۋە ئۇنىڭ سەنئىتى ئىدى.

ختابنامىسىنىڭ ئىشلىتىلمىگەنلىكى ئۇنى ئازابلىدى شۇنداقلا ئۇنىڭ ۋاگنېر ۋەكىللىكىدىكى سەنئەتكە بولغان گۇمانىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. ۋاگنېرنىڭ سەنئىتى قانداق بىر خىل سەنئەت، ئۇنىڭ دەۋر ئەھمىيىتى قانداق يەردە؟ نىچشې ۋاگنېرنىڭ سەنئىتىنىڭ ئەسلىدىكى كىشىنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە ۋە قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۈندەيدىغان كۈچىنى يوقىتىپ قويغانلىقىنى ھېس قىلدى. نىچشې بۇنىڭدىن قاتتىق ئېچىندى، لېكىن ئادا ـ جۇدا بولۇش نېمىدېگەن قىيىن ئىش ـ ھە! مەيلى نېمىلا بولسۇن ۋاگنېرنىڭ سەنئىتى ئۇنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى سۈپىتىدە ئۇنى قىزغىن ئىلھاملاندۇرغانىدى. لېكىن، نىچشې ئاينىغان بىر خىل شەيئىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىدىيىسى ۋە ۋىجدانىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتى. ئاخىر ئۇ چوڭقۇر ئازاب ئىچىگە چۈشۈپ قالدى. بۇ

ئازابنى پەقەت ئۆزىلا تارتاتتى. ھەتتا ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى رودىي قاتارلىقلارمۇ ئۇنى تارتىشىپ بېرەلمەيتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئەڭ جۇرئەت قىلالمايدىغىنى، ۋاگنېرغا ئېتىقاد قىلىشتىن ۋاز كەچكەن نىچشىي قانداق بىر ئادەم بولۇپ قالىدۇ؟ دەيدىغان پاكىت ئىدى. ئارىسالدىلىق ۋە ئازابلىنىش خۇددى بىر خەتەرلىك بومبىغا، ھەر ۋاقىت پارتلايدىغان بىر خىل كرىزىسكە ئوخشاش ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغانىدى.

ئاخىر بىر كۈنى نىچشىي بۇ كرىزىسنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلدى. شۇ چاغدا ئۇ ئوفېبېك بىلەن ۋاگنېرنىڭ ئوپېراسى «روئانگېلىن» ھەققىدە سۆزلىشىپ قالدى. ۋاگنېر بۇنىڭغا ئاساسەن بىر رومانتىك ھېكايىنى مۇلاھىزە قىلغانىدى. بېسىلىپ قالغىنىغا ئۇزاق بولغان غەزەپ ۋە نارازىلىق ئاخىر پارتلىدى. نىچشىي بۇ ساختا رومانتىك ئەسەرگە ھۇجۇم قىلىپ بىر پۈتكۈل ئەرزىگۈسىز قىلىۋەتتى. ئوفېبېك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ھاڭ ـ تاڭ قالغان ھالدا ئاڭلىدى. نىچشىي بارا ـ بارا پەسىيىپ ئۆزىنىڭ دەپ تاشلىغان گەپلىرىنىڭ ۋاگنېرغا ئېغىر تەسىر قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ئاسان ھاياجانلىنىدىغان مىجەزىنى ئېھتىيات بىلەن كونترول قىلىش نىيىتىگە كەلدى، لېكىن يەنە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى يوشۇرۇشقا مەجبۇر بولغانلىقىدىن بىئارام بولدى.

بىر كۈنى، نىچشىي بىر رومانىنى بىردەم ئوقۇغاندىن كېيىن، تاقەت قىلالمىغان ھالدا بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپ : «نېمە ئۈچۈن بۇ رومانلاردا مۇھەببەت ئوخشاش بىر قېلىپتىلا تەسۋىرلىنىدىغاندۇ؟ » دېدى. سىڭلىسى ئۇنىڭدىن: «ئۇنداقتا سەن مۇھەببەتتىن باشقا يەنە قانداق نەرسە كىشىنى تېخىمۇ تەسىرلەندۈرىدۇ دەپ قارايسەن؟» دەپ سورىدى، ئۇ شۇ ھامان ئويلانمايلا: «دوستلۇق» دەپ جاۋاب بەردى، «دوستلۇق پۈتۈنلەي مۇھەببەتكە ئوخشاش نىسبەتەن ساپ بىر خىل كەيپىيات ئىچىدە ئوخشاشلا كرىزىسنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئالدى بىلەن



www.uyghurkitap.com

بىرلىكتە سۆھبەتلىشىش جەلپ قىلىش كۈچى ئارقىلىق ئىككى تەرەپتە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ۋە بىر ـ بىرىنى تەرىپلەش كەيپىياتىنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ؛ كېيىن، بىر تەرەپتىن ئىشەنچسىزلىك پەيدا بولسا، يەنە بىر تەرەپتىمۇ ئۆزىنىڭ دوستى ۋە ئۇنىڭ ئىدىيىسىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىگە نىسبەتەن گۇمان پەيدا بولىدۇ؛ شۇنداق قىلىپ ئادا ـ جۇدا بولۇشتىن ئەلۋەتتە ساقلانغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەنە قاتتىق ئازابلىنىش كېلىپ چىقىدۇ، دوستلۇقتا مۇھەببەتتىكى بارلىق ئازابلار بولىدۇ ۋە تەسۋىرلىگىلى بولمايدىغان ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ئازاب ـ ئوقۇبەت بولىدۇ.»

بۇ ئابزاس سۆز شەك ـ شۈبھىسىز نىچشې بىلەن ۋاگنېر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇققا بېرىلگەن ئەڭ توغرا ئىزاھ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىگە گۈزەللىك ۋە خۇشاللىق ئاتا قىلغان مەنىۋى ئۇستازىنى، ئۆزىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرگەن ۋە كۆزگە كۆرۈنەرلىك سەنئەتكار ۋاگنېرنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ خۇددى بىر يىگىت ئۆزىگە خۇشاللىق ئەكەلگەن بىر قىزنى سېغىنغاندەك ۋاگنېرنى دائىم سېغىناتتى. ئادا ـ جۇدا بولۇشنى ئويلىغاندا ئىچ ـ ئىچىدىن تىت ـ تىت بولۇپ كېتەتتى، كۈنسايىن كېڭىيىۋاتقان ئاشۇ ئىختىلاپ ئۇنى قىيناپ قويىدى. ئۇلار خۇددى ئوخشاش بولمىغان نىشاننى بويلاپ چېپىپ كېتىۋاتقان تۇلپاردەك ئارىلىقى بارغانسېرى يىراقلاشتى.

نىچشې ئەسلىدە ۋاگنېردىن ئاستا ـ ئاستا يىراقلىشىپ، قەلبىدىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن ئۆزىنى قاچۇرماقچىدى، لېكىن كۈتۈلمىگەن بىر ئىش ئۇنى قۇتۇلۇشقا ئامالسىز قالدۇردى. بايروئىت ئىقتىسادىي كرىزىسقا پېتىپ قېلىپ، ۋاگنېر تىياتىرخانىسى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. لېكىن، كۈتۈلمىگەن بىر خۇشاللىنارلىق ئىش ۋاگنېرنى ئېغىر ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇردى، باۋارىيە پادىشاھى بۇ ئىشقا تۇيۇقسىز ئارىلىشىپ كۆپ پۇل ياردەم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن نىچشې

ۋاگنېرغا خەت يېزىپ بۇ خۇش خەۋەرنى تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئەمدىلا نەشر قىلىنغان «تارىخنىڭ ھاياتلىقتا بولغان پايدا ـ زىيىنى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىنى ئەۋەتىپ بەردى. بۇ كىتابتا ۋاگنېرنىڭ كۆلەڭگىسىنىمۇ ئۇچراتقىلى بولمايتتى. ئىسمىمۇ تىلغا ئېلىنمىغانىدى. كوشىما بۇنىڭغا نارازى بولۇپ نىچشېنى ئۇستازىدىن ئايرىلدى دەپ ئەيىبلىدى، ئۇ خېتىدە: «ئەگەر بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز مۇشۇنداق چوڭقۇر بىرلىشىپ كەتمىگەن بولسا، ئېھتىمال سىز مۇشۇنداق ئىشەنچلىك ھالدا ئاجايىپ ـ غارايىپ تەبىئەت ھادىسىلىرىنى پەرقلەندۈرەلمىگەن بولاتتىڭىز» دېگەن. ئۇ نىچشېنى پەقەت نوقۇل ھالدا ئىقتىدارىنى كۆز ـ كۆز قىلىدۇ، دەپ قارايتتى. نىچشې بۇنىڭغا نىسبەتەن غەزەپلەندى ۋە بىئارام بولدى.

ۋاگنېرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە، نىچشې ئەدەپ يۈزىسىدىن خەت يېزىپ ئۇنى تەبرىكلىدى. ۋاگنېر دەرھال جاۋاب خەت يازدى ۋە ئۇنى كېلىپ مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. نىچشې چىرايلىق رەت قىلدى، ۋاگنېر يەنە خەت يېزىپ، ئۇنىڭغا كۈنلىرىنى يالغۇزچىلىقتا ئۆتكۈزمەسلىككە نەسىھەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس ئۆي تەييارلاپ قويغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئىككى سەزگۈر يۈرەك بىر مەيدان پاجىئەلىك كىرىزىسنىڭ تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى سەزگەنىدى. ئۇلار تۈرلۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ كۈچىنىڭ بارىچە بۇنىڭدىن ساقلانماقچى بولدى. بۇ چاغدا، ۋاگنېر ۋە نىچشې بىلەن يېقىن دوست بولغان گېستوفمۇ خەت يېزىپ نىچشېنى يولغا چىقىشقا ئالدىراتتى. نىچشې بۇنىڭدىن بەكلا بىزار بولدى. شۇنداقتىمۇ ئاخىر يولغا چىقتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئېھتىمال يەنە ئۆزىنىڭ ئۇستازىنى ئۆزگەرتىش خىيالى بولۇپ، ئۇخلاۋاتقان ئادەمنى ھەسەل ھەرىسى ئويغىتىۋەتكەنگە ئوخشاش، ئۇرۇنۇپ بېقىشنى قارار قىلدى. ئۇ ياخشى كۆرىدىغان، ۋاگنېر ئىچى تارلىق قىلىپ چەتكە قاقىدىغان برامىسنىڭ نوتا كىتابىنى چامادانىغا سالدى. ۋاگنېرنىڭ ئائىلىسىگە بارغان كۈنى ئاخشىمى

ئۇ قىزىل تاشلىق نوتا كىتابنى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان پىئانىنونىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى. ۋاگنېر ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا ئۇنى كۆردى ھەمدە نىچشېنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى. ئامال بار ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ گەپ قىلمىدى، لېكىن ئىككىنچى كۈنى، نىچشې ئادەت بويىچە بۇ بىمەنە چاقچاقنى تەكرارلىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئۇستاز دەرغەزەپكە كەلدى. ئۇ توختىماي گەپ قىلىپ، ۋارقىراپ لەنەت ئوقۇدى، كېيىن ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقىپ ئىشىكنى قاتتىق ياپتى. دەل شۇ چاغدا نىچشېنىڭ سىڭلىسىغا ئۇچراپ قالدى. ئېلىزابېتانىڭ ھەيران قالغان چىرايىنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە ئۆزىنى بىر ئاز ئوڭشىۋېلىپ بايا يۈز بەرگەن ئىشنى سۆزلەپ بەردى.

ــ سىزنىڭ ئاكىڭىز يەنە ھېلىقى قىزىل مۇقاۋىلىق نوتا كىتابنى پىئانىنونىڭ ئۈستىگە قويۇپتۇ. مەن ئۆيگە كىرىپ بىر قاراشتىلا ئۇنى كۆردۈم! شۇنىڭ بىلەن دەرغەزەپكە كەلدىم، بىر پارچە قىزىل لاتىنىڭ ئالدىدا تۇرغان بۇقىغا ئوخشاپ قالدىم. ئۆزۈمگە ئايانكى، نىچشې ماڭا ئاشۇ ئادەمنىڭمۇ گۈزەل مۇزىكىنى ئىجاد قىلغانلىقىنى ئۇقتۇرماقچى. مەن ئۆتۈم يېرىلغۇدەك ئاچچىقلاپ كەتتىم!

ئېلىزابېتا ئاكىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كىردى ...

ــ ئېلىزابېتا، ۋاگنېر ئۇنچىلىك ئۇلۇغ ئەمەس ... ــ دېدى نىچشې.

ئاخشىمى ۋاگنېرنىڭ ئاچچىقى بېسىلدى. ۋاگنېر بىلەن نىچشې قول ئېلىشىپ يارىشىپ قالدى. ئۇلار ئاشۇ كىرىزىستىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

مۇشۇ قېتىمقى كۆڭۈلسىز زىيارەتتىن كېيىن، نىچشې ئىككى ئايغىچە ۋاگنېر بىلەن كۆرۈشمىدى. ئەمما، ئۇلار يەنىلا ئەدەپلىك ھالدا خەت ـ ئالاقىنى ئۈزمىدى. يازلىق تەتىل مەزگىلىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، نىچشې بازېلغا قايتىپ ئۇنىۋېرسىتېتتا دەرس ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە

شۆبە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىمۇ دەرس ئۆتتى. ئېغىر خىزمەت ئۇنى قاتتىق چارچاتتى ھەم بىئارام قىلدى. ئۇ تورۇپىسىدا ئۆتكۈزگەن ئازادە كۆڭۈللۈك چاغلىرىنى ئەسلىدى، لېكىن شۇ كۈنلەر ئەمدى كەلمەسكە كەتكەنىدى. ئۇ ۋاگنېرغا بىر پارچە خەت يېزىپ، كۆڭلى بۇزۇلغانلىقىنى ۋە ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى ئاشكارىلىدى.

ۋاگنېر بۇ دوستىنىڭ قايغۇ ـ ھەسرەتتە قالغانلىقىدىن بىئارام بولدى. ئۇ نىچشېغا توي قىلىپ، ئەسلىدىكى تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ بېقىشنى نەسىھەت قىلدى:

«... خۇسۇسەن مېنىڭ ھاياتىمدا سىنىڭ بازىلدىكى ئاخشىمى قىلغان بىر خىل ئەركەكلەرچە ئالاقە بولۇپ باقمىغان. ئەگەر سىلەر خارامۇشلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولساڭلار بۇنىڭ ئەلۋەتتە ھېچقانچە قىممىتى بولمايدۇ... مېنىڭچە سەن توي قىلساڭ ياكى بىر ئوپېراغا مۇزىكا ئىشلەپ بەرسەڭ، ئىشقىلىپ ساڭا بىرئاز ياردىمى تېگىدۇ، لېكىن مەن توي قىلغان ياخشىراق دەپ ھېسابلايمەن...

ئاھ، خۇدا ! بىر باي قىزغا ئۆيلەنسەڭ ـ ھە ! ھەي، گېستوف نېمە ئۈچۈن قىز بولۇپ قالمىغاندۇ ! توي قىلىسەن، كېيىن ساياھەت قىلغىلى بارسەن ھەمدە سەن شۇنچە تەلپۈنىدىغان ئاجايىپ تەسىرات بىلەن ئۆزۈڭنى بېيىتىسەن ! كېيىن ... سەن ئورۇنداش ئىنتايىن تەس بولغان ئوپېرانى ئىجاد قىلىسەن. سەن نېمە ئۈچۈن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئوقۇتقۇچى بولىسەن؟

بولدى خەتنى مۇشۇ يەرگىچە يازاي، كېلەر يىلى يازدا بايروئىتتا ئاخىرقى بىر مەيدان رەپىتىس قىلماقچى (سىمفونىيىلىك ئوركېستىرمۇ قاتنىشىشى مۇمكىن)، 1876 ـ يىلى ئاشكارا قويۇلىدى. ئۇنىڭدىن بالدۇر بولماسلىقى مۇمكىن.»

نىچشې قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان بۇ قىزغىن تەكلىپنى ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. بايروئىتتىكى رەپىتىس ۋاقتىنىڭ يېقىنلاپ قېلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇ قانداق

قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. دېكابىردا نىچشى ۋاگنېر ئائىلىسىگە بېرىپ مىلاد بايرىمىنى بىرلىكتە ئۆتكۈزۈشنى رەت قىلدى ۋە نائنبۇرگقا بېرىپ ئاپىسىنىڭ ئۆيىدە بايرامنى ئۆتكۈزدى. ئۇ قالايمىقان ناچار كەيپىيات ئىسكەنجىسىدە قېلىپ داۋاملىق خىزمەت قىلالمىدى، پەقەت ئۆزىنىڭ بەزى كونا مۇزىكا ئەسەرلىرىنى رەتلىدى. «قولغا ئاسان كەلمەيدىغان پەيتتە، مەن ئېھتىمال ئىككى ھەپتىدە 10 مىنۇت سەرپ قىلىپ (تەنھالىقتا مەدھىيە)نى ئىجاد قىلغانىدىم، ــــ دەپ يازىدۇ ئۇ، ــــ مەن ناخشىدىكى قورقۇنچلۇق گۈزەللىك ئارقىلىق تەنھالىقنى پۈتۈنلەي نامايان قىلغانىدىم.»

1875 ـ يىلى مارتتا گېستوف بازېلغا كېلىپ تۇردى. ئۇ نىچشىغا ۋاقىتلىق خۇشاللىق ئەكەلدى، لېكىن كۆپ ئۆتمەي كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ئىش نىچشىنى قايتىدىن قايغۇغا چۈشۈرۈپ قويدى.

بازېل ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى خىزمەتداشلىرى ئىچىدە نىچشى ئوفبېك ۋە روموت بىلەن ياخشى ئۆتەتتى. ئۇلار ئۇچى دائىم بىللە تۇراتتى، پىكىر ئالماشتۇرۇپ، بەزى ئىلمىي مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلاتتى. ئۇلار بىر دىل بىر نىيەتتىكى سىرداش دوستلارغا ئايلىنىپ، ۋاگنېر خېتىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن زىيالىيلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە چەمبىرىكىنى شەكىللەندۈرگەندى. لېكىن، بىر كۈنى روموت تۇيۇقسىز ئوفبېك ۋە نىچشىغا ئۆزىنىڭ گېرمانىيىدىن ئايرىلىپ پوپ بولماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. نىچشى بۇنىڭغا ھەيران قالدى ھەم غەزەپلەندى. كۆپ يىلدىن بۇيان، دائىم بىللە ئۆتكەن روموت ئۆزىنىڭ پوپ بولۇش ئويىنىڭ بارلىقىنى ئېيتمىغانىدى. روموتنىڭ ئاسىيلىقى نىچشىغا ۋاگنېرنىڭ شاگىرتلىرى ئىچىدە تارقالغان خەۋەرنى ئەسلەتتى. ۋاگنېر خرىستىئان دىنىنىڭ سىرلىق تىياترى «فاسپال» نى ئىجاد قىلماقچىدى. خرىستىئان دىنىغا قايتىش نىچشىنى ھەرقانداق نەرسىدىن بەكرەك قاتتىق

غەزەپلەندۈردى. ئۇ كىشىلىك ھاياتىدىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتكە نىسبەتەن بۇنداق تىز پۈكۈشنى كۆزگە ئىلمايتتى. ئۆزىنىڭ دوستلىرىنىڭ كەينى ـ كەينىدىن خۇدادىن تەسەللى تېپىشقا ئىنتىلىشىنى ھەرگىز كەچۈرمەيتتى. ئۇ دوستلىرىنى چاقىرىۋېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مەيلى قانداق ئۇسۇل قوللانسۇن، روموت ئۈندىمەي جىم تۇرۇۋالدى. روموت دېگەن ۋاقىتتا دوستلىرىدىن بەلگىلىگەن كۈنى ئايرىلىپ كەتتى. بۇ ئىش نىچشېنى كېسەل قىلىپ قويدى. ئۇ گېستوفقا يازغان خېتىدە بۇ قېتىمقى ھەسرەتلىك ئايرىلىشنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن.

«بۇنداق ھەسرەت بەك قورقۇنچلۇق. روموت ئارقا ـ ئارقىدىن تەكىتلەپ: بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى بىر قەدەر گۈزەل، بەختلىك بولغان ئاشۇ قىسمىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى، بۇ ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئۇ بىر مۇنچە كۆز يېشى قىلىپ، بىزنىڭ ئەپۇ قىلىشىمىزنى ئۆتۈندى. ئۇ ئازابىنى يوشۇرۇشقا ئامالسىز قالغانىدى، ئاخىر كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە مېنى بىر خىل ھەقىقىي قورقۇنچ ئىلكىگە ئېلىۋالدى: پويىز خادىمى ئىشىكنى ياپماقچى بولدى. روموت بىزگە يەنە بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلماقچى بولۇپ، ۋاگوننىڭ دېرىزىسىنى ئاچماقچى بولغاندا، دېرىزە ئېتىلىپ قالدى؛ ئۇ جېنىنىڭ بارىچە كۈچەپ باقتى. دېرىزە ئېچىلمىدى. ئاخىر روموت بىر خىل ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئاخىرقى بىرنەچچە ئېغىز سۆزنى دېمەكچى بولغاندا، پويىز ئاستا ـ ئاستا قوزغالدى، شۇنداق قىلىپ، بىر ـ بىرىمىزگە ئاچچىق خورسىنىپ قويدۇق. شۇ چاغدا شۇ قورقۇنچلۇق مەنزىرە مېنى قاتتىق بىئارام قىلدى. ئوفېبېك بىلەن مەن ئوخشاشلا قورقۇنچ ئىچىدە (كېيىن ئۇ ماڭا بۇنى ئېتىراپ قىلدى) قالدۇق، بۇنىڭغا زادىلا چىدىغىلى بولمايتتى. ئەتىسى مەن كارىۋاتتىن تۇرالمىدىم، بېشىمنىڭ ئاغرىقى 30 سائەت داۋاملاشتى.»

نىچشىنىڭ تېنى كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ، باش ئاغرىقى، ئۇيقۇسىزلىق، ئاشقازان ياللۇقى قاتارلىق ئەسلىدىكى كېسەللىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇنى بەكلا ئاۋارە قىلغىلى باشلىدى. ئاخىر، ئۇ نائىلاج دوختۇرنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سېلىپ، خىلۋەت تاغلىق رايونغا بېرىپ دەم ئالدى. روماتىزمنىڭ كېتىمۇ قېلىشى ئۇنى ئېچىندۇردى. بايروئىتتىكى ئويۇن ئىنتايىن يېقىنلاپ قالغاچقا، نىچشې بىر خىل ئازاب ئىچىدە قالدى. ئاخىر سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى باھانە قىلىپ بېرىشنى رەت قىلدى.

1875 ـ يىلى ئىيۇلدا ئۇنىڭ دوستلىرى خۇشاللىق بىلەن بايروئىتقا ماڭغان چاغدا، دەل بازېل ئۇنىۋېرسىتېتى يازلىق تەتىل قويۇپ بەرگەنىدى. نىچشې دوختۇرنىڭ تاپىلىشى بويىچە ھېسسېن ئورمانلىقىنىڭ مەركىزى رايونىدىكى (قارا جاڭگاللىقنىڭ مەركىزى رايونىدىكى) ستانبې ساناتورىيىسىگە باردى، ئۇ بۇ جايدا ھەر كۈنى كىتاب، گېزىت ۋە پىئانىنو بىلەن ھەمراھ بولدى. كېسىلى بىرئاز ئوڭشىلانغاندىن كېيىن بازېلغا قايتىپ كەتتى، سىڭلىسى ئېلىزابېتا كېلىپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇ قارىماققا بەك خۇشال ئىدى. لېكىن، سىڭلىسى يېنىدا يوق چاغدا، ئۆزىنىڭ «تەنھالىقتا مەدھىيە»سىنى كەينى ـ كەينىدىن چالاتتى.

نىچشې بايروئىتقا بارمىدى، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى بۇرۇنلا بايروئىتقا ئۇچۇپ كەتكەنىدى. ئۇ رودېغا يازغان خېتىدە: «مەن بايروئىتتا ئەمەس! ... مېنىڭ بۇ ئىش بىلەن ئاساسەن كارىم يوق. لېكىن، ھەر كۈنى مېنىڭ خىيالىم يەنىلا ئاشۇ جايدا، خۇددى بىر ئەرۋاھقا ئوخشاش بايروئىت ئەتراپىدا ئەگىپ يۈرۈۋاتىدۇ. سەن مېنىڭ روھىمنىڭ نەپسانىيەتچىگە ئايلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەي قەدىردان دوستلارنىڭ ئەھۋالىنى ماڭا كۆپرەك سۆزلەپ بەرگىن، مەن سەيلە قىلغان چاغدا، پىششىق بىلىدىغان مۇزىكىنىڭ باب ۋە پاراگرافلىرىغا دىرىژورلۇق قىلىمەن. شۇنداقلا ئۆز ـ ئۆزۈمگە پىچىرلايمەن» دېگەن. ئىككى ئايدىن

كېيىن نىچشى ئۆتكەن يىل قەلەم تەۋرىتىشكە باشلىغان «ۋاگنېر بايرويتتا» ناملىق ئەسىرىنى پۈتتۈردى. لېكىن، ئۇنى دەرھال نەشر قىلدۇرماي ئارىسالدى بولۇپ قالدى. چۈنكى، بۇ كىتابنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى ھازىرقى زامان سەنئىتىنى تەنقىد قىلىش ئىدى، ئۇ نامدا ۋاگنېر مۇزىكىسىنى ئاقلاپ، ئۇنى ھازىرقى زامان مۇزىكىسىنىڭ قارىمۇقارشى تەرىپى دەپ قارىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە سامان تېگىدىن سۇ يۇگۈرتۈپ ۋاگنېرنى تەنقىد قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. بۇ ئەسەر كېيىن «زامانىنىڭ تەلىپىگە ماس كەلمىگەن تەكشۈرۈش» دېگەن توپلامنىڭ تۆتىنچى ماقالىسى قىلىپ كىرگۈزۈلدى.

1876 ـ يىلى ئىيۇلدا بىرىنچى نۆۋەتلىك ۋاگنېر كونسېرتى بايرويتتا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. نىچشى يەنىلا ئارىسالدى بولۇپ قالدى، ئۇ ۋاگنېرغا ئىككى پارچە يېڭى ئەسىرىنى ئەۋەتىپ بەردى. ئۇ بۇ قېتىم ۋاگنېرغا ئەۋەتكەن ئاشۇ ئېلانلىرىغا ئۇنىڭ قانداق قارايدىغانلىقىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىدى. لېكىن، نىچشى تېزلا ئەنسىرەشتىن قۇتۇلدى. ئويۇننىڭ تەييارلىق ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتقان ۋاگنېر بۇ كىتابنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنىدى، ئەلۋەتتە نىچشېنىڭ كۆزقارىشىدا ئۆزگىرىش بولغانلىقىغا دىققەت قىلمىغان، ئۇنىڭ ئاشۇ ئىبارىلىرىگە تەنقىد يوشۇرۇنغانلىقىغىمۇ دىققەت قىلمىغانىدى. ۋاگنېر نىچشېغا جاۋاب خەت يېزىپ: «دوستۇم! سىزنىڭ كىتابىڭ قالتىس ئىكەن! سەن مېنىڭ تەجرىبەمگە زادى نەدە ئىگە بولغانىدىڭ؟ سەن بۇ يەرگە تېزرەك كېلىپ، رەپىتىس قىلىش ئارقىلىق چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتسەڭ!» دېگەن.

نىچشى ئۇستازىنى سەممىي مەسلىھەتى ۋە تەنقىدىنى قوبۇل قىلدى، ئۇ دوستلۇقىنى بۇزۇلۇپ كېتىش كىرىزىسىدىن قۇتۇلدۇردى دەپ ھېسابلىدى. ئۇ چەكسىز خۇشاللىقىنى باسالماي، تاقەتسىزلىك بىلەن بايرويتقا قاراپ ئاتلىنىپ، بىرەر

مەيدان ئويۇن ئۆتۈپ كېتەرمۇ دەپ خاۋاتىرلەندى. لېكىن، ئىككى كۈندىن كېيىن، ئېلىزابېتا نىچشېنىڭ دەرد تۆكۈپ يازغان خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى: «مەن ئىشقىلىپ بۇ يەرگە كەلگىنىمگە پۇشايمان قىلدىم. تا ھازىرغا قەدەر بارلىق ئىشلار ئادەمنى بىئارام قىلىدۇ.» كونسېرتتىكى ھەشەمەتچىلىك، تاماشىبىنلارنىڭ چاكىنىلىقى ۋە ۋاگنېرنىڭ ھەزىلكەشلىك ئىستىلى قاتارلىقلار نىچشېغا ياقمىدى.

«داۋاملىق بۇ جايدا تۇرۇۋېرىدىغان بولسام ئېلىشىپ قېلىشىم مۇمكىن، ـــ دەپ يازىدۇ نىچشې، ـــ مەن قورقۇنچلۇق كەيپىيات ئىچىدە پۇتمەس ـ تۈگىمەس مۇزىكا كېچىلىكىنى ساقلاۋاتىمەن. مەن يەنىلا شۇ جايدا تۇرۇۋاتىمەن، مەن ئەمدى چىداشلىق بېرەلمەيمەن ... مەن كېتىمەن، مەيلى نەگە باراي، پەقەت كەتسەملا بولىدۇ، بۇ يەردىكى بارلىق نەرسە مېنى ئازابلاۋاتىدۇ...»

تېخى بىرىنچى قېتىملىق ئومۇمىي رەپتىس ئېلىپ بېرىلمەيلا، نىچشې باروئىتتىن باۋارىيىدىكى ئورمانلىق ئىچىگە كەتتى. ئۇ «ئادىمىيلىك، زىيادە ئادىمىيلىك» دېگەن ئەسىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ ۋاگنېرنى تەنقىد قىلىش تېزىسىنى يازدى. سىڭلىسىنىڭ قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلىشى بىلەن قايتىدىن بايروئىتقا كېلىپ، «رېيىن دەرياسىدىكى ئالتۇن»نىڭ تۇنجى مەيدان ئويۇنىغا قاتناشتى. تاماشىبىنلارنىڭ قىزىقىش كەيپىياتى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. گېرمانىيە پادىشاھى ۋىلھېلىم بايروئىتتىن ئۆتىدىغان چاغدا ئويۇننى كۆردى. ئۇ ۋاگنېرنى قاتتىق مەدھىيىلىدى. باۋارىيە شەھەر خەلقى ۋە دېھقانلىرىمۇ ئۇلگۈرۈپ كېلىپ پادىشاھنى زىيارەت قىلدى. نىچشې مەسخىرە قىلىش تەلەپپۇزىدا ۋاگنېر قىزغىنلىقىنى مۇنداق بايان قىلغان: «پۈتۈن ياۋروپادىكى بىكار تەلەپلەر قاتلىمىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ جايغا توپلاندى. ھەرقانداق بىر بەگ ـ تۆرە پەقەت خۇشال بولۇش ئۈچۈن بۇ يەردە خۇددى

تەنھەرىكەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلگەندەك، ۋاگنېرنىڭ ئۆيىگە ئەركىن كىرىپ چىقاتتى.»

ۋاگنېرنىڭ «نىبىلۇنگلار ئۈزۈكى» تۆت قىسىملىق ئوپېرا بولۇپ، « رېيىن دەرياسىدىكى ئالتۇن»، «ئايال پالۋان ئىلاھى»؛ «زېگفىرىد» ۋە «مەبۇدلارنىڭ زاۋالى»نى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئاخىرقى بىر ئوپېرا ئاياغلىشىدىغان چاغدا تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىنلىقى يۇقىرى دولقۇنغا يەتتى. پەردە ئاستا - ئاستا يېپىلىپ مۇزىكا ئاۋازى بارا - بارا يوقالدى، تاماشىبىنلارنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. ۋاگنېر سەھنىدە پەيدا بولدى.

«بىز سىلەرگە كۆرسەتمىشنى ئارزۇ قىلغان نومۇرلارنى ئورۇندىدۇق، — ۋاگنېرنىڭ ئاۋازى ياڭرىغان چاغدا زال ئىچى تىمتاسلىقتا چۆمگەندى، — بارلىق ئارزۇلار ئوخشاش بىر نىشاننى كۆرسەتكەن چاغدا، بىز سىلەرگە ھەممىنى كۆرسەتتۇق، ناۋادا سىلەرنى، بىزنى پەۋقۇلئاددە قوللىدى دېيىلسە، ئۇ ھالدا سىلەرمۇ بىر خىل سەنئەتكە ئىگە بولدۇڭلار.»

تاماشىبىنلار بويسۇندۇرۇلدى. ئۇلار يەنە بىر قېتىم قىزغىن چاۋاك چېلىپ ئالقىش ساداسى ياڭراتتى. ھاياجانلانغىنىدىن خۇدىنى يوقاتقان ئادەملەر تويى نىچشېنى ئۇنتۇپ كەتتى. نىچشې ئولتۇرغان ئورنىدىن قىمىرلاپمۇ قويمىدى، پۈتۈن چوڭ زالدا پەقەت نىچشېلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئالقىشلىمىغانىدى. ئۇ سوغۇق نەزەر بىلەن ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى؛ ئۇ بۇرۇن گېرمانىيە ئەدەبىيات سەنئىتىنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى، دەپ قارىغان كىشىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى، كەڭ سەھنىدە پەقەت چاكىنا بەگ - تۆرىلەر ۋە ئەسەبىي ئېتىقادچىلار ۋىجىك مۇزىكا ئۇستازىنى قاتمۇقات ئورىۋالغانىدى.

## بەشىنچى باب  ھايات ـ مامات ئارىلىقىدا

نىچشىنىڭ تېنى بارغانسېرى ئاجىزلاپ، بېشى يەنە ئاغرىشقا باشلىدى، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ چېكىگە يەتتى، يەنە بۇنى ئاز دەپ ئاشقازان كېسىلى ۋە قۇسۇش ئۇنى ئاۋارە قىلدى. گېستوفقا يازغان خېتىدە ئۇ مۇنداق دېگەن: «ھەر كۈنى كۈندۈزى بەك ھېرىپ كېتىمەن، كەچلىكى تۈرمۇشنىڭ ھېچقانداق ئۈمىدى يوق. تۈرمۇشنىڭ بۇنداق قىيىنلىقى مېنى چۆچۈتۈپ قويىدى.»

بۇ چاغدا نىچشې ئىككى يېڭى دوستىنىڭ قىزغىن ياردىمىگە ئىگە بولدى. بىرى ياش مۇزىكانت پېتركاستې ئىدى. ئۇ 1875 ـ يىلى نىچشې بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن بازېلغا كەلگەنىدى. ئۇ نىچشىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ ئاجايىپ ئىدىيىسىگە ئىنتايىن قىزىقىپ قالغانىدى، نىچشې بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تېخىمۇ قايىل بولۇپ ئىختىيارسىز نىچشىنىڭ ئەڭ سادىق ئېتىقادچىسىغا ئايلاندى. نىچشېمۇ بۇ مۇزىكانتقا قايىل ئىدى. پېتركاستې چىرايلىق خەت يازالايتتى، ئۇ نىچشىنىڭ ئاغزاكى بايانلىرىنى تېز خاتىرىلەپ، نەشرگە بېرىشتىن ئاۋۋالقى ئورگىنالىنى تەييارلايتتى، ئۇ ناھايىتى تېزلىكتە نىچشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان كۈچلۈك ياردەمچىسىگە ئايلاندى. نىچشىنىڭ يەنە بىر يېڭى دوستى ئەدەبىي ئىجادىيەت تالانتى كۈچلۈك يەھۇدىي ئىدى. نىچشىنىڭ كېسىلى كۈنسايىن ئېغىرلاشقان كۈنلەردە ئۇنىڭ كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئېلىشىغا ئېرىشكەنىدى. نىچشىنىڭ سىڭلىسىمۇ ئاكىسىنىڭ تۈرمۇشىغا كۈنسايىن زىچ ھالدا قوشۇلۇپ كەتكەنىدى.

نىچشىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىشىپ يۇقىرى چەككە يەتتى. كۆز دوختۇرى ئۇنى قاراڭغۇ ئۆيدە ئۇزاق ۋاقىت

ئولتۇرۇپ، كۆچلۈك نۇرنىڭ تەسىر قىلىشىدىن ساقلىنىشىنى ئېيتتى. نىچشې ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتلىرى ئۈستىدە ئۆزلۈكسىز پىكىر قىلىش ئارقىلىق بۇ قىيىن كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى. ئۇ دەم ئېلىش ۋاقتى بولسىلا، خىزمەت قىلمايدىغان بولدى. ھازىرقى ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئۆزىنىڭ ئاجىز بەدىنى ئۈچۈن ماس كېلىدىغان ھاۋا تېپىشى كېرەك ئىدى. 1876 ـ يىلى ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرىدا، يەھۇدىي دوستى ۋە يەنە يېڭى تونۇشقان ئالفېرد بېرنىنانىڭ ھەمراھلىقىدا ئىتالىيىنىڭ نېئاپول شەھىرىگە سەپەرگە ئاتلاندى. فرولىن ئۇ جايدا ساقلاپ تۇراتتى.

نىچشې دەسلەپتە نېئاپولغا بارغان چاغدا ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەندى. ئۇ يەردىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، ئايىغى بېسىلمىغان كىشىلەر توپى ئۇنى بىئارام قىلىۋەتتى. كەچلىكى فرولىن مېھمانلارنى ماشىنا بىلەن بوسلۇپىقا بېرىپ سەيلە قىلىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان كەچلىك مەنزىرىدىن ھەممەيلەننىڭ كەيپى چاغ بولدى. كېچىدىكى ئاسماندا سانسىزلىغان يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. ھەر خىل نېئون چىراغلار دېڭىز سۈيىنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ تۇراتتى، يىراق كوچىلاردىن يېقىملىق سىرنادا[①] ئاۋازى ئاڭلىناتتى. نىچشې ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى بۇ گۈزەل كەچلىك مەنزىرىگە مەپتۇن بولدى.

قابىلىيەتلىك فرولىن بىر داچىنى ئىجارىگە ئالدى، بۇ داچا ئۆزۈن كەتكەن كوكۇس دەرىخى ۋە لىمون دەرەخلىرى بىلەن قاپلانغان دېڭىز بويىغا جايلاشقان بولۇپ، كۈندۈزلىرى دېڭىز قۇشلىرى قىرغاقتا دەم ئالاتتى، كەچلىكى نەمخۇش دېڭىز شامىلى ئۇرۇپ تۇراتتى. بۇ دەل نىچشې ئۇزۇۋاقتىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان دەم ئېلىش جايى ئىدى. لېكىن، بىر تاسادىپىي توغرا كېلىپ قېلىش نىچشېنى سەل بىئارام قىلىپ قويدى. يەنە ئۇلارنىڭ قوشنىسى رىخارد ۋاگنېر ئائىلىسى بايرۇئىتتا زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن، سولىنتودا

① مەشۇق شەنىگە يېزىلغان مۇزىكىلىق ئەسەر.

بىرئاز ۋاقىت دەم ئېلىشقا كەلگەنىدى. كۈچ ـ قۇۋۋىتى مەڭگۈ ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ۋاگنېر ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا نىچشېنىڭ بۇ دوستلىرى بىلەن سەيلە قىلىپ، پاراڭ سېلىشتى، نىچشېنىڭ بۇ ئۇچرىشىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالالماي قالدى. ۋاگنېر ئۆزىنىڭ پىلانى ۋە كەلگۈسى ھەققىدە سۆزلەۋاتقان چاغدا، نىچشېمۇ ئۆزىنى بىر چەتكە ئېلىپ يەھۇدىي دوستى ستېنىدال ھەققىدە پاراڭلاشتى. فرولىن بۇ ئىككى ئۇلۇغ قەلب ئوتتۇرىسىدا بولۇنۇش ئۇرۇقىنىڭ چېچىلىشىغا باشلىغانلىقىنى دىققەت بىلەن كۆزەتتى. بۇنىڭدىن ئىنتايىن بىئارام بولدى.

نويابىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ۋاگنېر ئائىلىسى سولىنتودىن ئايرىلدى، فرولىن ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئاستا ـ ئاستا رەتكە چۈشتى. ئۇلار چۈشتىن بۇرۇن ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنى قىلدى، چۈشتە بىرلىكتە تاماق يېدى، كېيىن بىرلىكتە سەيلە قىلدى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن كىتاب ئوقۇشتى. نىچشېنىڭ يەھۇدىي دوستى ئۆزى تەلەپكار بولۇپ چىقىپ دىپلوماتىيە قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى، ئۇنىڭ دىپلوماتىيىسى دائىم كەسكىن مۇنازىرىنى ئۇزۇۋېتەتتى. ئاخىرىدا بۇ كىچىك تالاش ـ تارتىشنى يەنىلا نىچشې ھەل قىلاتتى. فرولىن تەسىرلىك ئەدەبىي ئۇسلۇب بىلەن مۇنداق يازىدۇ: نىچشېنىڭ ئىدىيىسى ئۆتكۈر قورالغا ئوخشايتتى. لېكىن، ئۇنىڭ مىجەزى مۇلايىم ۋە يېقىملىق ئىدى. ئۇ دائىم ھەمراھلىرىنىڭ چاقچاقلىرىغا سەمىمىي ھالدا كۈلۈپ قوياتتى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ يېنىك سۆزلەر بىلەن جىددىي كەيپىياتنى تەڭشەيتتى. ئۇنىڭ يەھۇدىي دوستى دىپلوماتىيە قىلغان چاغدا، ئۇ دېرىزىنىڭ يېنىغا قويۇلغان تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ تىنچ ئاڭلايتتى، ياش بىرىننا تام مەش يېنىدا ئولتۇرۇپ ئاپېلسىن ئاقلاپ بېرەتتى. فرولىن رازىمەنلىك بىلەن ساپانىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ھەربىر دوستىغا يېقىملىق قارايتتى، ئۇ دائىم ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغان ھالدا، ئۇلار ھەقىقەتەن بىر غايىۋى

www.uyghurkitap.com

ئائىلىگە ئوخشايدۇ دەيتتى، بۇ تۆت كىشى ئىلگىرى بىر ـ بىرىنى ئانچە تونۇپ كەتمەيتتى، ئۇلارنىڭ تونۇشقانچىلىق مۇناسىۋىتى، ئورتاق ئەسلىمىسىمۇ يوق ئىدى، ھازىر ئۇلار ناھايىتى ئىناق بولۇپ كەتتى، تولۇق شەخسىي ئەركىنلىك ۋە غايىۋى قەلب قوشۇلۇش بىلەن قانائەتلەندى. نىچشې ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ دەھرىي موناستىر قۇرۇشتىن ئىبارەت كونا خىيالىدىن ۋاز كەچمىدى، ھازىر ئۇ دوستلىرى بىلەن جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئارام تاپقىلى بولىدىغان بىخەتەر ئارال قۇردى. بۇ ئۇنىڭ بىلەن ۋاگنېر ئوتتۇرىسىدا ئاشكارا بولمىسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە مۇناسىۋەت ئۈزۈلگەندىن كېيىن قەلبىدە قالغان زور بوشلۇقنى ۋاقتىنچە تولدۇردى.

سولىنتودا رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىدىغان مايدا، ھاۋانىڭ پەيدىنپەي ئىسسىپ كېتىشى نىچشېغا ياقمىدى، ئاخىر ئۇ سالامەتلىك ئەھۋالىنى نەزەرگە ئېلىپ سۆيۈملۈك دوستلىرى بىلەن داۋاملىق ساياھەت قىلىشتىن ئايرىلدى. لوكسىنلوئىمدىتا بىر قېتىم بۇلاق سۇيىدە داۋالانغاندىن كېيىن، سىنتەبىردە كۈندىلىك بولىكىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئەسلىي خىزمىتىنى قايتىدىن باشلاشقا مەجبۇر بولدى. سىڭلىسى بازىلغا كېلىپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى. دەسلەپتە نىچشې بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى. لېكىن، كۆپ ئۆتمەي ئۇ ئۆزىنىڭ سىپى ئۆزىدىن بولغان ۋاگنېرنىڭ شاگىرتلىرى بىلەن پاراڭلىشىشقا ئامالسىز قالغانلىقىنى سەزدى. ئەمدى، يەھۇدىي دوستى ئۇنىڭ بىردىنبىر سىرداش دوستى ئىدى. پەقەت ئۇ ئېتىقاد جەھەتتە ھوشيارلىقىنى ۋە قارىغۇلارچە ئەگەشمەسلىكىنى ساقلاۋاتاتتى، ھالبۇكى نىچشېنىڭ باشقا دوستلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ۋاگنېر ئىتتىپاقىغا كىرىپ كەتتى. نىچشې بۇ تەلۋە چوقۇنغۇچىلارنى سوغۇق قانلىق ۋە ئېھتىياتچانلىقتىن ئويغىتىدىغان بىر كىتاب يېزىشنى ئارزۇ قىلدى. ئۇ «ئادىمىيلىك، زىيادە ئادىمىيلىك» دېگەن تېمىنى تاللاپ بېكىتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ كىتابىنى يېزىش

مەقسىتىنى ماھىرلىق بىلەن مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

«مەن مەسىلەل تۇتۇۋالدىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ مەسىلەلىنىڭ نۇرى ئىس ـ تۈتەك چىقارمىغانلىقتىن، قاراڭغۇ غايىۋى دۇنياغا ھاياتىي كۈچكە تولغان بىر نۇر چاچتىم، بۇ ئۇرۇش، ئەمما پارتلاتقۇچ ۋە ئىس ـ تۈتەك بولمىغان، ئۇرۇش ھەرىكىتى بولمىغان، قايغۇ ـ ھەسرەت بولمىغان، يارىلىنىش بولمىغان ئۇرۇش ـــ چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى يەنىلا (غايىۋىلىك) كە مەنسۇپ.»

«ئادىمىيلىك، زىيادە ئادىمىيلىك» دېگەن كىتابتا نىچشې 12 يىلدىن بۇيان چوقۇنغان شوپېنخاۋېردىن گۇمانلىنىپ، ئۇنىڭ تەسىرىدىن پەيدىنپەي قۇتۇلۇشقا باشلىغان ھەمدە ئۆزىنىڭ پەلسەپە سىستېمىسىنى قۇرۇشقا ئۇرۇنغان. ئۇ دۇنيادا مۇتلەق قىممەت مەۋجۇت بولمايدۇ، بىتەرەپ ھەقىقەت ئۆلچىمى بىلەن مۇقەددەس ئەمرىمەرۇپ بولمايدۇ؛ ئادەتتىن تاشقىرى كىشىلەرنىڭ تەبىئىتى ئوتتۇرىسىدا ھەرگىز قارىمۇقارشىلىق بولمايدۇ. ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئىنسانلار بارلىققا كەلگەندىن كېيىن مەۋجۇت بولغان ھەمدە ئۆزئارا قارىمۇقارشىلىق ۋە تەقەززالىق ئىچىدە راۋاجلانغان، پەقەت ئەخلاقىي چەكلىمىنى يولغا قويغاندىلا، كىشىلەر ئاندىن يامانلىق ۋە رەھىمسىزلىكتىن قۇتۇلالايدۇ، بىر ئادەمنىڭ رەزىل قىلمىشىغا نىسبەتەن ھەقىقىي مەسئۇلىيەتنى ئۇستىگە ئالىدىغىنى ئۇنى تەربىيىلەيدىغان كىشى، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئىجتىمائىي شارائىتتىن ئىبارەت، يامان ئىش قىلىدىغان كىشىلەر دائىم ئۆزىنىڭ قىلمىشىنىڭ قانداق يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ، دەپ قارايدۇ.

نىچشې خرىستىئان دىنى ئۆزىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن يۇنان پەلسەپىسىگە قارىغاندا تېخىمۇ قوپال، لېكىن تېخىمۇ تەسىر كۈچىگە ئىگە، دەپ قارايدۇ. كىتابتا، نىچشې ئىسمىنى ئاتىماي ۋاگنېرنى تەنقىد قىلغان، ئۇ: «بۇ سەنئەتكار نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە

ئىنسان تەبىئىتىنىڭ گۆدەكلەرچە ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ شەرەپلىكى ئەنە شۇ يەردە، شۇنداقلا ئۇنىڭ چەكلىمىلىكى شۇ يەردە» دەپ قارايدۇ. ئۇلار تالانتلىق كىشىلەر ئوخشىلا ئۆزىنى خاتا ھالدا ئادەتتىن تاشقىرى كىشى دەپ ھېسابلايدۇ، شۇڭا ئاتاقلىق كىشى ئەگەر ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى چەكلىمىسە، پەيدىنپەي مەسئۇلىيەتسىز كىشىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، دەپ قارايدۇ.

1879 - يىلى 3 - يانۋار نىچشې ۋاگنېر ئەۋەتكەن شېئىرىي دراما «فاسپال» نى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇلار سولىنتودا ئۇچراشقاندا ۋاگنېر ئۇنىڭغا بۇ ئەسەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدى. ۋاگنېر ھاياتىي كۈچ ۋە ئارزۇغا تولغان ئىنتوناتسىيە بىلەن ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ فاسپال ماتېرىياللىرىدا ئېنىق بەلگىلەنگەن خرىستىئان دىنى تېمىسىنى جىددىي ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئەينى چاغدا نىچشې سوغۇق پوزىتسىيە قوللىنىپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغان، كېيىن تۇيۇقسىز خوشلىشىپ، گۇگۇم قويىنىدا غايىب بولغانىدى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئۇچرىشىشى ئىدى. نىچشې ئۆزىنى بېسىپ، سەھنە ئەسەرنى ئوقۇپ چىقىپ ۋاگنېرغا پىكىر بەرمىدى. لېكىن، دوستلىرى ئىچىدە باھا بەرمەي جىم تۇرۇۋېلىشقا بولمىدى: «تۈنۈگۈن ۋاگنېر ماڭا يېڭى ئەسىرى (فاسپال) نى ئەۋەتىپتۇ، دەسلەپتە ئوقۇغاندىكى تەسىراتىم مۇنداق: لىست باشقىچە تەسۋىرلىنىپ ۋاگنېرنىڭ ئەسىرىگە ئوخشىماي قاپتۇ — ئىسلاھاتقا قارشى روھ بىلەن تولۇپتۇ. ماڭا ئوخشاش گرېكچە ئادەتلەنگەن ئادەتتىكى ئىنسان تەبىئىتى نەزەر دائىرىسىدىن قارىغاندا، بۇ دراما ئىنتايىن خرىستىئانلاشتۇرۇلۇپتۇ. بەك چەكلىك بولۇپ قاپتۇ، ئاجايىپ - غارايىپ سۆزلەر بىلەن تولۇپتۇ، سۆڭەك - گۆشلىرى يوق، قېنى بەك كۆپ بولۇپ كېتىپتۇ (بولۇپمۇ ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك تاماق دېگەن بىر پەردىسى قانغا بويىلىپ كېتىپتۇ)، مەن

ئەسەبىيلەشكەن ئايال باش رولچىنى ياقتۇرمايمەن ... ئۇنىڭ تىلى خۇددى چەت ئەلدىن تەرجىمە قىلىپ كىرگۈزۈلگەندەك، لېكىن ئۇنداق سورۇن ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى ... بەك ئىپسىل شېئىرمۇيا؟ مۇزىكىنى ئەڭ يىراق چەككە تەرەققىي قىلدۇرۇشمۇيا؟»

جاۋاب خەت قايتۇرۇش كېرەكمۇ، قانداق؟ ئەگەر جاۋاب خەت قايتۇرسا يەنە نېمىلەرنى دەيدۇ؟ نىچشې ئارسالدى بولۇپ قالدى. ئاخىر ئۆزىنىڭ يېڭى ئەسىرى «ئادىمىيلىك، زىيادە ئادىمىيلىك» نى ئەۋەتىپ بېرىش بىلەن جاۋاب بەرمەكچى بولدى، كىتابتىكى ھەرھالدا ئوچۇق ـ ئاشكارا تەنقىد چوقۇنۇش ۋە ئىتائەتنى قوبۇل قىلىشنى ئادەت قىلىۋالغان ئۇستازىنى ھەيران قالدۇرۇپ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بارويىتتىكى ئاشۇ مۇلايىم ۋە ئىتائەتچان كىشىلەرنى بىئارام قىلىدىغانلىقىنى قىياس قىلغانىدى. ئۇ ۋاگنېر ۋە خەلق ئاممىسىغا بېرىدىغان تەسىرىدىن قاتتىق ئەندىشە ئىچىدە قېلىپ، بۇ كىتابنى ئىمزاسىز ئۇسۇلدا ئېلان قىلىشنى ئويلىدى. بۇنداق قىلغاندا ئۇ سەمىمىي سۆزلىگەن بولاتتى ھەم بىۋاسىتە زەربىدىن ساقلىنىپ قالاتتى، لېكىن نەشرىيات سودىگەرلىرى بۇنداق قىلىشقا قوشۇلمىدى، شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ بۇ خىيالى سۇغا چىلاشتى. 1875 ـ يىلى مايدا نىچشې ۋولتېر ۋاپاتىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەيدىغان چاغدا، بۇ كىتابنى نەشر قىلدۇرۇپ، ئۇ ئۇلۇغ ئەربابنى خاتىرىلەشكە تەقدىم قىلماقچى بولدى.

1878 ـ يىلى ئاۋغۇستتا سوكۇتتە تۇرۇپ كېلىۋاتقان بارويىتتىن ئىنكاس بولدى. «بارويىت گېزىتى» دە بىر نامەلۇم ئاپتورنىڭ نىچشېنىڭ «ئادىمىيلىك، زىيادە ئادىمىيلىك» دېگەن ئەسىرى ئۈستىدىن قىلغان ھەجۋىي خاراكتېرلىك تەنقىدى ۋە ئەيىبلىشى بېسىلدى. نىچشې ئاپتورنىڭ ۋاگنېر ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بۇنداق قوپال تەنقىدكە قاتتىق ئېچىندى، بۇ بىر خىل مۇلايىملىق بىلەن ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئۇستازى شوپېنخاۋېر ۋە

www.uyghurkitap.com

ۋاگنېرغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئىزاھلىماقچى بولۇپ، «ئادىمىيلىك، زىيادە ئادىمىيلىك» نىڭ داۋامىنى يېزىشقا كىرىشتى. لېكىن، بۇنىڭ بىلەن ۋاگنېر ئوتتۇرىسىدىكى بۆلۈنۈشتىن ساقلانغىلى بولمايتتى.

«ئادىمىيلىك، زىيادە ئادىمىيلىك»نىڭ قوللىغۇچىلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. ۋاگنېر ئۇنىڭ ئىنتايىن ئاز مىقداردا سېتىلغانلىقىنى پۇخادىن چىققۇچە مەسخىرە قىلدى. نۇرغۇن تونۇش ـ بىلىشلەر نىچشېدىن ئۆزىنى قاچۇردى. ئۇ ئەتراپىغا يېڭى ئەگەشكۈچىلەرنى يىغماقچى بولدى. لېكىن، بۇ بىھۇدە ئاۋارىچىلىك ئىدى. ۋاگنېر بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇش ئۇنىڭغا كۈچلۈك ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك روھىي ئازاب ـ ئوقۇبەت ئەكەلدى. مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان بېرىش ـ كېلىشىگىمۇ قاتتىق تەسىر يەتتى. سىڭلىسى ئېلىزابېتا ئوتتۇرىدا ياراشتۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ پايدىسى بولمىدى.

نىچشې روھىي جەھەتتىكى يالغۇزچىلىقتا ئۆزى بەرداشلىق بەردى. شۇنداقلا بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ كەتكەن سالامەتلىك ئەھۋالىنىمۇ باشقىلاردىن سىر ساقلىدى. باش ئاغرىقى، ئاشقازان كېسىلى ۋە كۆز ئاغرىقى ئۇنى ھەدەپ ئازابلاشقا باشلىدى. بۇ كېسەللىكلەر تەڭلا قوزغالغان چاغدا ئۇ دائىم ئەس ـ ھوشىنى يوقىتاتتى. دوختۇرلارمۇ بۇ داۋالىغىلى بولمايدىغان كېسەلگە ئامالسىز قالدى. ئۇلار نىچشېنىڭ كۆز قۇۋۋىتىلا ئەمەس، بەلكى ئەقلىنىڭمۇ تەھدىتكە ئۇچرىغانلىقىنى پەرەز قىلدى. ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ يامانلىشىش دەرىجىسى ئۇنىڭ ھاياتىنى ئەڭ تۆۋەن نۇقتىغا يەتكۈزۈپ قويغانىدى. رودې، گېستوفلار دوستىنىڭ ئەھۋالىدىن قاتتىق چۆچۈدى. ئۇلار ئوفېبېككە خەت يېزىپ، نىچشېنى ھەقىقەتەن قۇتقۇزۇۋالغىلى بولامدۇ، يوق؟ دەپ سورىدى. ئاخىر ئۇلار ئوفېبېكنىڭ جاۋابىدىن ئۈمىدسىزلەندى. ئېلىزابېتا خەۋەر تېپىپلا ئۇلگۈرۈپ كەلدى. ئۇ، چىرايى تاتىرىپ

كىچىك بوۋايغا ئوخشاپ قالغان كىشى ئۆزىنىڭ ئاكىسى ئىكەنلىكىنى تەستە تونۇدى. سىڭلىسىنىڭ كەلگەنلىكىگە نىچشې قول ئىشارىتى بىلەن رەھمەت ئېيتتى. ئېلىزابېتا ئوفېيىك ۋە ئۇنىڭ ئايالى بىلەن بىرلىكتە سەكراتقا چۈشۈپ قالغان كېسەلگە قارىدى.

چېكى يوق كېسەل نىچشېنى يەنە دەم ئېلىشقا مەجبۇر قىلدى، ئۇ ئۆزىنىڭمۇ دادىسىغا ئوخشاش 36 ياشقىچە ياشىيالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، 1879 ـ يىلى 2 ـ مايدا بازېل شەھىرىنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارىغا ئىستېپا بېرىش ئىلتىماسىنى تاپشۇردى. ئالتە ھەپتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىلتىماسى تەستىقلاندى. بازېل ئۇنىۋېرسىتېتى سەممىمىي پوزىتسىيە بىلەن ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇنىڭ بۇرۇنقى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئىنتايىن يۇقىرى باھا بەردى ھەمدە ئۇنىڭغا ھەر يىلى 3000 فرانك پېنسىيە پۇلى بېرىپ، خىزمىتىگە تەشەككۇر بىلدۈردى.

نىچشې ھاياتىنىڭ ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاخىرقى خاتىرجەملىك ۋە يەككە ـ يېگانىلىككە تەلپۈندى. شۇنداق قىلىپ ئېلىزابېتا ئۇنى ئادەم شالاڭراق بولغان ئېنگادىن جىلغىسىغا ئېلىپ باردى. ياپيېشىل ئوتلاق، چىرايلىق كۆل ۋە ئاق كۆكۈل دېھقانلار نىچشېنى بىر خىل ئارامىغا قويغاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈردى. ئۇ شۇېتسارىيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن ئويلىمىغان يەردىن تەسەللى تاپتى. يېمەكلىك ياخشى ئەمەس، ياتاق ناچار بولسىمۇ، لېكىن روھىي جەھەتتىكى خۇشاللىق جىسمانىي جەھەتتىكى ئازابىنى يەڭگىللەتتى. ئۇ يەنە خىزمەت قىلالايدىغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇ كېسىلىنىڭ ياخشىلىنىشىدىن ھېچقانداق ئۈمىد كۈتمىدى. لېكىن، ئۇنىڭ تېنىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى بىلەن قەيسەر ئىرادىسىدىن يانمىدى. ئۆزى كاردىن چىققۇچە، ئادەم، ئىش، تاغ ۋە ئاسمان ھەققىدە ئويلىغانلىرىنى ۋە تەسىراتلىرىنى باشقىلارغا

دېيەلىسە ئۇنى بىر خىل ئەڭ چوڭ بەخت دەپ ھېسابلىدى. «ئادىمىيلىك، زىيادە ئادىمىيلىك»نىڭ داۋامى «ئارىلىشىپ كەتكەن پىكىر ۋە پەند ـ نەسىھەت» ۋە «سەيلە قىلغۇچى ۋە ئۇنىڭ سايىسى»نى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلدى. لېكىن، بۇ ئەسەرلەرنىڭ يېغىرىغا تېگىدىغان ئادىمى ئاز بولدى، كىشىلەر ئۆتكۈر قورالدىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك ئۆزلىرىنى چەتكە ئالدى. ئۆلۈمى يېقىنلىشىپ قالغانلىقىغا قىلچە پىسەنت قىلمىغان نىچشې بۇنىمۇ كۆڭلىگە ئالمىدى. قىسقىغىنا ھاياتىدىكى كۆپلىگەن ئوڭۇشسىزلىق ئۇنى بويسۇندۇرالمىدى. ئەكسىچە، ئۇنىڭ تىنماي كۆرەش قىلىشىغا ئىلھام بەردى. ئۇنىڭ ئېتىقاد قىلىپ پاناھ تاپىدىغان خۇداسى، يېلىنىدىغان مېھرىبان دادىسى يوق ئىدى، ھەتتا ئۇنى باشتىن ـ ئاخىر ھىمايە قىلغان دوستلىرىمۇ يوق ئىدى. ئۇ بىر قەيسەر تەپەككۇر جەڭچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز ۋۇجۇدىدىن مەنئۋى تۇۋرۇككە ئىگە بولۇپ، قەتئىي باش ئەگمىدى، ھەتتا ئۆزىدە بىرئاز يېڭىلگەن دەپ ھېسابلاشقا بولىدىغان ئاغرىنىشنىڭ ئۆزىگىمۇ يول قويمىدى.

قىش كېتىپ باھار كەلدى. ئۇنى قاتتىق سىنىغان ھاۋا بارا ـ بارا ئىسسىپ، ئاپئاق قارلار ئاستا ئېرىشكە باشلىدى. قارلىغاچلار ئۇچۇپ كېلىپ، ھاياتىي كۈچكە باي باھار يېتىپ كەلدى. نىچشې مۆجىزە يارىتىلغاندەك ھايات قالدى. ئۇ ئەجەبلەنگەن ھالدا بىر خىل ئويغانغان كۈچنى ھېس قىلدى، پېتىر كاستىي بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ھاياجانلىنىپ كۆزىگە لىق ياش ئالدى. ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن خەت يېزىپ نىچشېنى ۋېنېتسىيىگە بېرىپ ئۆزىنى كۈتۈشكە تەكلىپ قىلدى. نىچشې دەسلەپتە ئىتالىيىگە بېرىشقا ئۇنچىلىك قىلىپ كەتمىدى، ئەمما ئۇ ۋېنېتسىيىگە بېرىپلا كەتكۈسى كەلمەي قالدى. ۋېنېتسىيىدىكى ئەركىنلىك، كلاسسىك گۈزەللىك ئۇنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالدى. پېتىر كاستىي ئىنتايىن سەۋرچانلىق بىلەن ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. ئۇنى سەيلە قىلدۇردى.

ئۇنىڭغا كىتاب ئوقۇپ بەردى، ياخشى كۆرىدىغان شوپېننىڭ مۇزىكىسىنى چېلىپ بەردى. نىچشى دائىم شوپېننىڭ مۇزىكىلىرىدىن بىر خىل ئەركىن جۇش ئۇرۇپ تۇرغان قايناق ھېسسىيات ئالاتتى. «بىرىنچى نۆۋەت كېسەل ئازابىم يەڭگىللەپ، سالامەتلىكىم ئەسلىگە كېلىشىنىڭ تاڭ نۇرى تاسادىپىي كۆتۈرۈلگەن چاغدا، ــ دەپ يازىدۇ ئۇ، ــ بىز يەنە ئۈمىدۋار ھالدا ئەتراپتىكى كىشىلەرگە ۋە تەبىئەت دۇنياسىغا نەزەر سالدۇق، تۇرمۇشنىڭ يېقىملىق نۇرى مېنى ھوزۇرلاندۇردى، شۇنداق قىلىپ، سالامەتلىك يەنە بىر قېتىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان سىرك ئويۇنى ئوينىدى.»

پېتركاستې يەنە بىر قېتىم كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى، نىچشىنىڭ خىزمەتكە بولغان قىزغىنلىقى ئەسلىگە كەلدى، ۋېنېتسىيىدىكى دەم ئېلىش ئۇنى بىر خىل تولۇق كۈچ ۋە ئىنچىلىققا ئىگە قىلدى. قىش يېتىپ كېلەي دېگەن چاغدا، ئۇ گېنوياغا كۆچۈپ كەلدى. بۇ جايدا بىر ئېغىز ئاددىي ئۆينى تاپتى، كۈندۈزى خىزمەت قىلدى، ئاخشىمى ئاجىز كۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئۈچۈن چىراغنى يورۇتماي، كارىۋاتتا يېتىپ ئارام ئالدى، ئۇنىڭ چوڭ مېڭىسى بۇ يەردە ئۈزلۈكسىز پىكىر يۇرگۈزۈشكە باشلىدى. ئاق كۆڭۈل قوشنىلىرى بۇ گېرمانىيە پروفېسسورى «كۆك نامرات» لىقىدىن شام يورۇتۇشقىمۇ قۇربى يەتمەپتۇ، دەپ قاراپ ئۇنىڭغا شام ئەكىرىپ بەردى، نىچشى كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈردى. ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە شەرقتىن تاڭ نۇرى كۆتۈرۈلگەندە، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى كىيىپ، خاتىرىسىنى يانچۇقىغا سېلىپ، بىر ئاز بولكا ۋە مېۋە ـ چېۋە ئېلىۋېلىپ، دېڭىز بويىغا باراتتى. دائىم قىرغاقتىكى تاش ئۈستىدە يېتىپ كۈنلۈك بىلەن نۇرنى توساتتى. كۆز ئالدىدا سۈزۈك ئاسمان ۋە دېڭىزدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى، ئۇ دېڭىز دولقۇنىنىڭ قىرغاققا ئۇرۇلغانلىقىنى ۋە دېڭىز قۇشلىرىنىڭ زىل ئاۋازلىرىغا قۇلاق

سالاتتى. ئۇنىڭ مېڭىسى توختىماي بىر يېڭى ئەسەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەكتە ئىدى، ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى خاتىرىسىمۇ يازغانسېرى كۆپەيدى. ئۇنىڭ جەڭگىۋار قەلىمى رەھىمسىزلىك بىلەن خرىستىئان دىنىنىڭ باترېس ئېككلېسئا (چوقۇندۇرغان ئانا) سىغا دەككە بەردى ھەمدە ئۇنى تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ ئىرادىگە بۆسۈپ كىرىش كۆزقارىشىنى ئىپادىلەپ: «ئاتالمىش بەخت پەيدا قىلىدىغان تۇنجى نەتىجە كۈچ سېزىمىدىن ئىبارەت» دېدى.

1881 ـ يىلى يانۋارنىڭ ئاخىرىدا، ئۇنىڭ كېسىلى ساقايغاندىن كېيىن دېڭىز بويىدا يازماقچى بولغان ئەسىرىنىڭ نامىنى «تاڭ نۇرى» دەپ بېكىتتى.



www.uyghurkitap.com

# ئالتىنچى باب ئەتىرگۈلنىڭ تۈنجى خازان بولۇشى

بۇ دۇنيادىكى مۇشەققەت ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەت بىر كىشىنىڭ قەيسەر ئىرادىسىنى گۇمران قىلالمايدۇ. نىچشې كېسىلى ساقايغاندىن كېيىن تۇرمۇشقا ئۇمىدۋارلىق ئىشەنچى بىلەن قارىدى. كاستېغا ئەۋەتكەن ئاتكرىتكىسىغا: «ئەگەر ئىنسانىيەت ماڭا خۇشاللىق بەرمىسە مەن ئۆزۈمگە خۇشاللىق يارىتىمەن» دەپ يازغان.

گېنويادا دەم ئالغان چاغلىرىدا، ئۇ دائىم ئوپېرا تىياتىرخانىسىغا قەدەم تەشرىپ قىلدى. ئۇ جايدا تۈنجى قېتىم بىسىنىڭ «كارمېن» دېگەن ئوپېراسىدىن ھۇزۇرلاندى. بايروئىتتىن قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، نىچشې بەش يىل ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئوپېراغا يېقىنلىشىشىنى چەكلەپ كېلىۋاتقانىدى. بىر كۈنى ئاخشىمى سالامەتلىكىنىڭ ياخشى بولغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، قىزىقىش ۋە شادلىق كەيپىياتى بىلەن فرانسىيىنىڭ بىر ئوپېراسىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىكى يېڭى مۇزىكىغا بەكلا قىزىقىپ قالدى. ئۇنىڭ «كارمېن»نى كۆرۈشى قىش كۈنلىرىدىكى بىردىنبىر خۇشاللىنارلىق ئىش ئىدى. ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئوپېرا تىياتىرخانىسىغا بېرىپ «كارمېن»نى كۆردى. بۇ سەممىي ۋە قىزغىن ھېسسىيات بىلەن يېزىلغان ئەسەر ئۇنىڭ زىمىستان قىشتىكى ۋۇجۇدىنى ئىللىتقاندەك بولدى. «تاڭ نۇرى»نىڭ نەشر قىلىنىشى نىچشېغا ھېچقانداق ئۇمىد ئەكەلمىدى، پەقەت ئۆزى پىششىق بىلىدىغان رەقىبلىرى تەرىپىدىن مۇھاسىرىگە ئېلىندى. ئوبزور ساھەسىدىكىلەر خۇددى دىققەت قىلمىغاندەك تۇراتتى، نىچشېنىڭ ئازغىنە دوستلىرى بۇ

ئەسەرنى ئوقۇپ چىقتى، يەھۇدىي دوستى قىزغىن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، بوكخات ئەدەپ ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن باھا بېرىپ، يازغان خېتىدە: «كىتابىڭىزنىڭ بەزى باب ۋە پاراگرافلىرىنى ئوقۇغان چاغدا مەن ئۆزۈمنى بىر ياشانغان ئادەمدەك، قايمۇققاندەك ھېس قىلدىم» دېگەن. نىچشىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى رودي بۇ كىتابنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىغان. «ئۇ جايدا تەخمىنەن 600 يىل ياكى 1000 يىلدىن كېيىن، كىشىلەر (تاڭ نۇرى)نىڭ ئاپتورى ئۈچۈن جەزمەن بىر ھەيكەل تىكلەيدۇ» نىچشى يەھۇدىي دوستىنى ئېلىپ ئۆزى دائىم سەيلە قىلىدىغان جايغا كەلگەندە ئۇنىڭغا ھەم ئۆزىگە شۇنداق دېدى.

1882 ـ يىلى ئەتىيازنىڭ باشلىرىدا، نىچشى تۇيۇقسىز بىر خىيالغا كېلىپ قالدى. ئىتالىيىلىك يەلكەنلىك كېمە خوجايىنى بىلەن يەلكەنلىك كېمىنى ھەيدەپ مېسسىناغا بېرىش توختامىنى ئىمزالىدى. سەپەر ئۈستىدە ئۇنىڭ بېشى قېيىپ، ئاجىز تېنى ئازراق ئازابقىمۇ بەرداشلىق بېرەلمىدى، قىرغاققا يېقىنلىشىشقا ئاز قالغاندا يۆلىمىسە تۇرالمايدىغان بىر كېسەلگە ئايلىنىپ قالدى. ئەمما، قۇرۇقلۇققا چىقىش بىلەنلا، شۇ جاينىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ۋە سىتسىلىيە ئاراللىرىنىڭ يېقىملىق ھاۋاسى ئۇنى روھلاندۇردى. نىچشى بۇ جايدا پۈتۈن يازنى ئۆتكۈزمەكچى بولغاندا، فرولىننىڭ بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى، خەتتە ئۇنى دەرھال رىمغا بېرىشقا ئالدىراتقانىدى، رىم ئۇنىڭ مۇساپىسىدىكى بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يول ئىدى. ئۇ قوشۇلدى. فرولىن تەشنالىق بىلەن ئۇنى كۈتمەكتە ئىدى. ئەسلىدە بۇ ئاق كۆڭۈل خانىم ئۆزىنىڭ بۇ بەختسىز دوستىنىڭ يەككە ـ يېگانىلىك تەقدىرىنى ياخشىلاشنى ئارزۇ قىلاتتى، ئۇ نىچشى ئۈچۈن مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر ھەمراھ تېپىش تىرىشچانلىقىنى زادىلا توختاتمىغانىدى. نىچشىمۇ ئۆزىنىڭ بۇ قەدىردان دوستىغا خەت يېزىپ: «مەخپىيىتىمنى سىزگە

ئېيتسام، مەن بىر ياخشى ئايالغا موهتاجمەن» دېگەن، فرولىنمۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان كۈتكەن كۆڭۈلدىكىدەك بىر ئايالنى تاپقانلىقىنى هېس قىلغانىدى.

ھەقىقىي بىر قېتىملىق مۇھەببەتنى كۈتۈۋېلىشتىن ئاۋۋال، تارىختا يېزىپ قالدۇرۇلمىغان بىر ئىشنى تىلغا ئېلىپ ئۆتمىسەك بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، يەنى بۇ نىچشېنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش يولىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمى ئىدى. فرولىن تونۇشتۇرماقچى بولغان بۇ ئايال بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرى، نىچشېدا نىكاھ ۋە مۇھەببەتكە نىسبەتەن ئىنتايىن پىشمىغان بىر خىل قاراش بار ئىدى.

بۇنىڭدىن 12 يىل ئىلگىرى، دوستلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن توي قىلغان، نىچشې ئۇلارنى تەبرىكلىگەن شۇنداقلا ئۆزىدىمۇ توي قىلىش ئويى پەيدا بولغانىدى. ئاشۇ چاغدا، ئۇ فرولىنغا يازغان خېتىدە ئۆزىنىڭ بىر ياخشى خوتۇنغا ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغانىدى. سالماقلىق بىلەن مۇلاھىزە يۈرگۈزسەك، بۇ چاغدا نىچشېنىڭ توي قىلىش مەقسىتى ئالىيجاناب ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ كۈتۈۋاتقىنى يەنىلا بۇرژۇئازىيىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان بىر خىل مەقسەتلىك توي قىلىش قارىشى ئىدى. ئۇ باشتىن ـ ئاخىر ئاياللارنى كۆزگە ئىلمىغان، نىكاھنى ھەدېسىلا تەنقىد قىلغان. ئۇنىڭ بىر ياخشى خوتۇن ئېلىش خىيالى مۇھەببەت ئارزۇسىدىن كېلىپ چىققان بولماستىن، بەلكى كۆپىنچە بىرەر ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىۋاتقان سالامەتلىكىدىن خەۋەر ئېلىشنى ئۈمىد قىلغان. نىچشې ئۆزىنىڭ خاتالىقى ئۈستىدە ئويلىنىشنى ئۆزىگە بېرىلگەن ھەرقانداق باھاغا قارىغاندا چوڭقۇر بولىدۇ، دەپ چۈشىنەتتى. ئۇ: «توي قىلىش ماڭا نىسبەتەن پايدىلىق ئىدى، لېكىن ئەمەلىيەتتە توي قىلىش ماڭا نېسىپ بولمىدى» دېگەن. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ بىر قېتىم توي قىلىش تەكلىپى قارشى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

تەرەپتىن رەت قىلىنغانىدى.

بۇ 1876 ـ يىلى ئاپرېل كۈنلىرى ئىدى. ئۇ بىر قېتىملىق داۋالىنىش سەپىرىدە جەنۇەدىكى كۆل بويىدا توختاپ دەم ئالدى گېيستوف ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى، ئىككىسى دوست بولۇش ۋاقىتلىرىدا ئىتالىيە يازغۇچىسى مانزونىنىڭ «توي قىلىشقا پۈتۈشكەن قىز ـ يىگىت» دېگەن رومانىنى ئوقۇپ، توي قىلىش ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىغان. دەل مۇشۇ چاغدا نىچشې مۆزىكا دىرىژورى سۈنگىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ـــ 23 ياشلىق گوللاندىيىلىك قىز ماتىدا تولانىپدا بىلەن تونۇشۇپ قالدى. تونۇشۇپ بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، نىچشې قىزغا توي قىلىش تەكلىپىنى قويدى. ئۆمرىدە بىر قىز بىلەن تۇنجى قېتىم مۇھەببەتلىشىۋاتقان نىچشې جەنۇەدىن ئايرىلىش ئالدىدا تارتىنغان ھالدا تازا قولاشمىغان تۇنجى مۇھەببەت خېتىنى يازدى:

*ئايىم قىز!*

*سىز بۈگۈن ئاخشام ماڭا ئىككى ئىلىك خەت يېزىپتىكەنسىز، مەنمۇ سىزگە ئىككى ئىلىك خەت يازماقچى.*

*سىز ۋۇجۇدىڭىزدىكى بارلىق جاسارىتىڭىزنى يىغىپ، مەن بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە قاتتىق چۆچۈپ كېتىشتىن ساقلىنىڭ. سىز ماڭا خوتۇن بولۇشنى خالامسىز؟ مەن سىزنى سۆيىمەن، مەن سىزنى خۇددى ماڭىلا مەنسۇپتەك ئويلايمەن، سىزنى تاسادىپىي ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى دېمەيلا قوياي! ھېچبولمىغاندا، بۇ ھېچقانچە خاتالىق ئەمەس، شۇڭا ئەپۇ سوراشنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن، مېنىڭ بىلمەكچى بولغىنىم، سىز مەن بىلەن ئوخشاش تۇيغۇدا بولۇشنى خالامسىز ... بىز ھەرقانداق چاغدىمۇ بىر ـ بىرىمىز بىلەن ھەرگىز ناتونۇش ئەمەس! سىز ئىككىمىز توي قىلغاندىن كېيىن بىرەرىمىزنىڭ بويناق چاغدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئەركىن، تېخىمۇ ياخشى ئۆتىدىغانلىقىغا ئىشىنەمسىزغۇ؟ سىز مەن بىلەن، يەنى سەمىمىي*

*ھالدا ئازادلىققا ۋە ياخشىلىنىشقا ئىنتىلىدىغان بىر كىشى بىلەن بىرلىكتە ئالغا بېسىشقا جۈرئەت قىلامسىز؟ تۇرمۇش ۋە تەپەككۇرنىڭ ھەربىر كىچىك يوللىرىدا بىللە مېڭىشنى خالامسىز؟ كۆڭلىڭىزدە نېمە بولسا، ئوچۇقنى ئېيتىڭ! بىزنىڭ ئورتاق دوستىمىز فون سونگى ئەپەندىدىن باشقا ھېچكىم بۇ خەتنى ۋە مېنىڭ سىزنى سورىغانلىرىمنى بىلمەيدۇ. مەن ئەتە سائەت 11 دا تېز پويىز بىلەن بازېلغا قايتىمەن، كەتمىسەم بولمايدۇ، مەن بازېلدىكى ئالاقىلىشىش ئورنۇمنى سىزگە ئۇقتۇرۇپ قويىماقچى. ئەگەر سىز مېنىڭ دېگەنلىرىمگە ئېنىق جاۋاب بەرسىڭىز، مەن دەرھال سىزنىڭ ھۆرمەتلىك ئاپىڭىزغا خەت يازىمەن. ماڭا ئاپىڭىزنىڭ ئادرېسىنى ئېيتىپ بېرىشىڭىزنى سورايمەن. سىز ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىپ، تېزلىكتە قارار قىلىسىڭىز. قوشۇلسىڭىزمۇ ياكى قارشى تۇرسىڭىزمۇ ... شۇنداق بولسۇن، ئەتە سائەت 10 دا دى. را. پوستى مېھمانخانىسىدا سىزنىڭ جاۋاب خېتىڭىزنى كۆرۈشنى خالايمەن.*

*ھەممە ئىشىڭىزنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلەيمەن!*

*فرېدرىخ نىچشې*

*1876 ـ يىلى 11 ـ ئاپرېل جەنۋە»*

نىچشېنىڭ بىر قېتىملىق تويۇقسىز، ئەمما قىزغىن بولمىغان بۇنداق ئىنتىلىشى ئاخىرى تولانېيدانىڭ باشقا سۆيگىنى بولغاچقا مەغلۇپ بولدى. كېيىن گېستوف نىچشېغا كۆڭلى چۈشۈپ قالغان بىر قىزنى تونۇشتۇرماقچى بولدى. ئەمما، نىچشې تۇنجى قېتىملىق مۇھەببىتى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاچقا، دوستىنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتىپ ئۆزرە قويدى. ئۇ جاۋاب خېتىدە: «مەن توي قىلمايمەن» مەن پۇت ـ قولۇمنى چۈشەپ قويۇشتىن بىزار بولدۇم. (مەرىپەتلەشكەن) پۈتكۈل تەرتىپ ئىچىگە جايلىشىشنى تېخىمۇ خالىمايمەن. شۇڭا،

ھەرقانداق ئايالنىڭ چىن قەلبى بىلەن ماڭا ئەگىشىشى تەس.
يېقىندىن بۇيان ئۆمۈر بويى بويتاق ئۆتكەن يۇنان
مۇتەپەككۇرلىرى ھەر دائىم كۆز ئالدىمغا كېلىدىغان بولۇپ
قالدى. بۇ مەن جەزمەن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ئۆلگىدۇر»
دېگەن. كېيىن فرولىن ئۇنىڭغا رۇسىيىلىك بىر قىزچاقنى سايە
قىلدى. شۇنىڭ بىلەن نىچشېدا توي قىلىش خىيالى قايتىدىن
پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ھەقىقىي مۇھەببەت ئىدى.

رۇسىيىلىك قىز شارومې شۇ چاغدا تېخى 20 ياشقا
كىرمىگەنىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئەقىللىق ۋە قىزغىنلىقى دائىم
كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇ ھەممە تىلغا ئالىدىغان
ساھىبجامال بولمىسىمۇ، ئەمما پەزىلىتى ياخشى ۋە ئىنتايىن
جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. ئۇ ئاپىسىنى ئېلىپ پۈتۈن
ياۋروپانى كېزىپ ئۆتكەنىدى. فرولىن بۇ تېتىك قىزغا ئىنتايىن
ئامراق ئىدى، ئۇ نىچشېنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلدى
ھەمدە ئۇنىڭغا كۆزگە كۆرۈنگەن بۇ دوستىنى تەپسىلىي
تونۇشتۇردى. قىز كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان چۈشىنىش
ئىقتىدارى بىلەن نىچشېنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇدى ھەمدە ئۇنىڭ
تەنھالىقتا ئۆتكەن ھاياتىغا ئالىيجانابلىق بىلەن ھېسداشلىق
قىلىپ، نىچشې بىلەن تونۇشۇشقا ناھايىتى ئىنتىزار
ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

نىچشې رىمغا كېلىپلا ئايىم قىز شارومېنىڭ تەرىپىنى
ئاڭلىدى. بۇ قىز زېرەك ھەم يۈرەكلىك جەسۇر، ھەم قەتئىي
ئىدى، ئۇ بىر يېڭى ئوقۇغۇچى سۈپىتىدە نىچشېغا
تونۇشتۇرۇلدى. ئۇلار تۈنجى قېتىم ساينىت پېتېر چېركاۋىدا
ئۇچراشتى. كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان شارومې نىچشېنى
ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى، شارومېنىڭ ئۆزىمۇ نىچشېغا مەپتۇن
بولۇپ قالدى. ئۇ كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە نىچشېنىڭ ئۆزىگە
بەرگەن تەسىراتىنى ئەسلەپ مۇنداق دەپ يازغان:

«كىشىگە ئارىلاشماسلىق ـــ بۇ نىچشېنىڭ سىرتتىن

كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان بىرىنچى كۆچلۈك تەسىراتى. مۇنداقلا سەپسالغاندا، ئۇنىڭ سىرتقى قىياپىتىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھېچقانداق يېرى يوق. بۇ ئوتتۇرا بويلۇق ئادەمنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ئىنتايىن ئاددىي ـ ساددا، لېكىن ناھايىتى رەتلىك ئىدى. تەمكىن چىرايى، ئاددىيلا قىلىپ ئارقىغا تارىۋالغان قوڭۇر چاچلىرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتمايتتى. ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتە ئاجايىپ پاساھەتلىك گەپلەرنى قىلىدىغان ئاغزىنى ئۇزۇن بۇرۇتى يېپىپ تۇراتتى؛ ئۇ كۈلگەندە ئاۋازى پەس چىقاتتى، سۆزلىگەندە گەپلىرى رىتىملىق ئىدى، يول يۇرگەندە ئېھتىيات بىلەن ئالدىغا سەل ئېڭىشىپ ماڭاتتى. نىچشېنىڭ قولى ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ، ئىختىيارسىز ھالدا كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلاتتى.

كۆزىمۇ ھەقىقەتەن بىلىنەر ـ بىلىنمەس ھالدا سۆزلەيتتى. كۆزى يېرىم ئەما ئىدى، لېكىن سەپسېلىپ قارايدىغان، كۆزىنى قىسىدىغان، ئەتەي يېقىنلىشىپ كىشىنى بىزار قىلىدىغان يىراقنى كۆرەلمەيدىغانلارغا ئوخشىمايتتى. ئەكسىچە، بۇ كۆزلەر نەزەر تاشلاشقا رۇخسەت ئالمىغاندەك شەخسلەرنىڭ بايلىقى ۋە ئاۋازسىز مەخپىي نازارەت قىلغۇچىلار ھەم قوغدىغۇچىلارغا قاراپمۇ قويمايتتى ... مۇبادا ئۇنى تەسىرلەندۈرىدىغان ئىككى كىشىنىڭ تەسىرلىك سۆھبىتى جەلپ قىلىۋالغان بولسا، ئۇ چاغدا بىر خىل تەسىرلىك نۇر نىچشېنىڭ كۆزلىرىدە نامايان بولاتتى ۋە يوقاپ كېتەتتى؛ ئۇنىڭ كەيپى چاغ بولمىغان چاغدا، بۇ كۆزلىرى خۇددى كىشىنى قورقۇتىدىغان تېگى يوق ھاڭغا ئوخشاش دەرھال يەككە ـ يېگانىلىكنى ئىپادىلەيتتى.

نىچشېنىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇشىمۇ كىشىگە ئۆزىنى دالدىغا ئالىدىغان ۋە كەم سۆز كىشىلەرنىڭكىدەك تەسىر بېرەتتى. ئادەتتىكى تۇرمۇشتا ئۇ بەك ئەدەپلىك ئىدى، ئاياللاردەك مېھرىبان ئىدى، دائىم بىر خىل يېقىملىق ئېغىر ـ بېسىقلىقنى ساقلايتتى. نىچشې باردى ـ كەلدى قىلىشتا نەپىس تاشقى

كۆرۈنۈشكە ئەھمىيەت بېرەتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، باھار پەسلىنىڭ بىر كۈنى رىمدىكى سايىنىت پېتېر چىركاۋىدا تۈنجى قېتىم نىچشې بىلەن پاراڭلاشقاندا، دەسلەپتىلا ئۇنىڭ تەبىئىي بولمىغان قۇرۇق تەكەللۇپى مېنى ھەيران قالدۇرغان ۋە ئەمتىرىتىپ قويغانىدى. لېكىن، يېگانە ياشاشقا ئادەتلەنگەن نىچشېنىڭ كىشىنى ئەمتىرىتىپ قويىدىغان مۇنداق ۋاقتى بىردەملىك ئىدى.»

ئۇزاق يىللار تەنھا خىيال سۈرۈش جەريانىدا، نىچشې كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىش، بەزىلەرنىڭ گەپلىرىگە كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش لەززىتىنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. شارومىنىڭ ئەمكىن كۆز ئىشارەتلىرى، نازاكەتلىك يۈرۈش - تۇرۇشلىرى ۋە ئۆتكۈر ئەدەبىي تالانتى نىچشېنىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى تۇنجۇقۇپ قالغان مۇھەببىتىنى ئويغاتتى. ئۇ شارومىغا ياللىق چاغلىرىنى، يوپ بولۇش غايىسىنى، خۇدادىن خالىي بولغاندىن كېيىنكى تەنھا جان تالىشىش ۋەھىمىسىنى، ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ۋاگنېر بىلەن بولغان دوستلۇقىنى قۇربان قىلغانلىقى شوپېنخاۋېرنىڭ پەلسەپىسىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقى ۋە كېيىن ۋاز كەچكەنلىكى، شۇنداقلا كۆپ يىلدىن بۇيان ئۇخۇشسىزلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ باش ئەگمەي يالغۇز كۈرەش قىلغانلىقىنى سەممىمىي ھالدا سۆزلەپ بەردى. شارومىي كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرى غايەت زور بىر خىل كۈچ تەرىپىدىن لەرزىگە كەلدى ...

رىمدىكى كۈنلەر ئېقىن سۇدەك تېز ئۆتۈپ كەتتى. نىچشې ھاياتىدىكى ئاز ئۇچرايدىغان خۇشاللىق چاغلىرى ئىچىدە «تاڭ نۇرى»نىڭ داۋامى «خۇشاللىقتىكى ئەقىل - پاراسەت»نى ئاياغلاشتۇردى. بۇ ئەسەر «تاڭ نۇرى»غا ئوخشاشلا مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدىغان بىر كىتاب بولۇپ، مەزمۇنى چوڭقۇر ۋە ئېنىق ئىدى. ئۇ كىتابتا مۇنداق يازغان: «ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنى مەڭگۈ تەكرارلىنىشنى تەلەپ

قىلىدۇ»، ئۇ يەنە ئەسەبىيلىك مەسىلىسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، «ئالىيجانابلىق بىلەن ئەسەبىيلىك قارىماققا ئىنتايىن يېقىن، چۈنكى ئۇ رېئاللىقنىڭ ئۆلچىمى ئارقىلىق ئۆلچەشكە مۇمكىن بولمايدىغان ئاشۇ قىممەتلەرنى كىشىلەرگە ئالدىنئالا زاھىر قىلالايدۇ» دەيدۇ. بۇ سۆزلەرنى ھازىر ئوقۇيدىغان بولساق، بىز بۇنىڭ نىچشىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە جان ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىكەنلىكىنى ئېچىنىشلىق ھالدا بايقايمىز. دەل مۇشۇ كىتابتا، نىچشى بىر خىل تەمسىل قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق بىر سەۋدايى ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن پايدىلىنىپ، دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن «تەڭرى ئۆلدى» دېگەن سۆزنى سۆزلەتكۈزگەن:

«سىز بۇ سەۋدايى توغرىسىدا ئاڭلىمىغانمۇ؟ ئۇ كۈپكۈندۈزدىلا بىر چىراغنى كۆتۈرگىنىچە، يۈگۈرۈپ بازارغا بېرىپ توختىماي ۋارقىرايتتى: (مەن تەڭرىنى تاپتىم! مەن تەڭرىنى تاپتىم!) بۇ چاغدا تەڭرىگە ئېتىقاد قىلمايدىغان نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى، ئۇنىڭ سەۋدايىلىقى بىردىنلا ھەممە كىشىنى قاقاقلىتىپ كۈلدۈرۈۋەتتى. بىر كىشى ئۇ يولدىن ئادىشىپ قالغانمىدۇ؟ دەپ سورىدى. ئۇ كىچىك بالىغا ئوخشاش ماڭالامدۇ؟ دەپ سورىدى يەنە بىر كىشى، ئۇ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇ بىزدىن قورقامدىغاندۇ؟ ئۇ سەپەر ئۈستىدىمۇيا؟ ئۇ يۇرتىغا كۆچۈپ كېتەمدىغاندۇ؟ كىشىلەر ئاشۇنداق سوئال سوراشتى ۋە قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

ھېلىقى سەۋدايى كىشىلەر ئارىسىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئاممىغا تىكىلىپ قاراشقا باشلىدى. (تەڭرى نەگە كەتتى؟) دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى ئۇ، (مەن سىلەرگە ئېيتىپ بېرەي، بىز ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتۇق ــــ سىلەر ۋە مەن ... بىز يەر شارىنى قۇياشنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرغان چاغدا، بىز يەنە نېمە قىلىمىز؟ بىز پۈتمەس ـ تۈگىمەس بوشلۇق ئىچىدە نىشانسىز سەيلە قىلىپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

يۇرەمدۇق؟ بىز چەكسىز ئالەمنىڭ ھېدىنى ھېس قىلالامدۇق؟ كۆپكۆندۈزدە چىراغ كۆتۈرۈۋالمىساق بولمامدۇ؟ بىز گۈل كولىغۇچىنىڭ تەڭرىنى كۆمگەن ئاۋازىنى ئاڭلىمىدۇقمۇ؟ بىز تەڭرىنىڭ جەسىتى چىرىگەندىن كېيىنكى پۇرىقىنى پۇرىمىدۇقمۇ؟ ئىلاھمۇ چىرىيدۇ، تەڭرى ئۆلدى، مەڭگۈ تىرىلمەيدۇ. بىز ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتۇق.

.......

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە سەۋدايى تىنچىدى، ئۇ يەنە بىر قېتىم ئەتراپتىكى ئاممىغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، بۇ كىشىلەرمۇ گەپ قىلمىدى، ئۇلار قاتتىق ھەيرانلىق بىلەن سەۋدايىغا تىكىلىپ قاراشتى، ئاخىر سەۋدايى چىراغنى يەرگە تاشلاپ كۇكۇم - تالقان قىلىۋەتتى، ئوتمۇ ئۆچتى. (مەن بەك بالدۇر كېلىپ قاپتىمەن) دېدى ئۇ ئۆزىچە سۆزلەپ؛ پەيت تېخى يېتىپ كەلمىدى. بۇ ئۇلۇغ ئىش تېخى يول ئۈستىدە، تېخى لاغايلاپ يۈرۈۋاتىدۇ، كىشىلەر كېلىپ ئاڭلىماقتا، چاقماق گۈلدۈرلەپ چاقماقتا، يۇلتۇزلار جىلۋىلىنىپ تۇرماقتا، بىز ئۇلارنى كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان چاغدا، ۋاقىتنىڭ يېرىمى ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ؛ ئۇلۇغ ئىشلار گەرچە ئورۇندالغان بولسىمۇ، پەقەت شۇنداق بولىدۇ؛ خالاس. ئۇ ئاشۇ ئىنتايىن يىراق يۇلتۇزلار تۇركۇمىگە قارىغاندا تېخىمۇ تۇتۇرۇقسىز بولىدۇ — ئەمەلىيەتتە ئۇلار كىشىلەر ئۆزى بىۋاستە قىلىپ بولغان ئىشتىن ئىبارەت.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئاشۇ كۈنى سەۋدايى بىرنەچچە چېركاۋغا قىستىلىپ كىرىپ، ئۇ جايدا ئۆزىنىڭ (ئەرۋاھ كۈيى) نى ئېيتقان، كېيىن ئۇ چېركاۋدىن چىقىرىۋېتىلگەن، كىشىلەر ئۇنىڭغا چۈشەندۈرمەكچى بولغان، بىراق ئۇ رەت قىلىپ: بۇ چېركاۋلار ئەگەر تەڭرىنىڭ قەبرىسى بولمىسا، ئۇ يەنە نېمە؟ دېگەن.»

قىسقىسى، «خۇشاللىقتىكى ئەقىل - پاراسەت» دېگەن كىتاب

نىچشىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى شاھىيانە ئەسىرى «زوروئاستىر شۇنداق دەيدۇ»دىكى ئاساسىي ئىدىيىگە بىرىنچى تاقىلىدۇ. ئۇ يەھۇدىي دوستى سوۋغا قىلغان ماشىنىكىدا خۇشاللىق بىلەن يەتتە شېئىر ئۇرغان ھەمدە بۇنىڭ ئىچىدىكى بەش شېئىرنى تاللاپ « خۇشاللىقتىكى ئەقىل ـ پاراسەت» دېگەن ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆزى قىلىپ ئىشلەتكەن.

1882 ـ يىلى مايدا نىچشې ۋە يەھۇدىي دوستىنى ئېلىپ شارومې ۋە ئۇنىڭ ئاپىسى بىلەن بىرلىكتە رىمدىن ئايرىلىپ لۇسېرنگە باردى، نىچشې ئۆزىنىڭ يېڭى دوستلىرىغا تورپىسېنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ، شارومېنى ئېلىپ ئېگىز ئۆسكەن ئاق تېرەكلەر ئوراپ تۇرغان تۇرالغۇسىغا كەلدى ۋە شارومېغا ئۆتكەن ئۇنتۇلغۇسىز چاغلىرىنى سۆزلەپ بەردى. نىچشې بىر خىل پەس ئاۋاز بىلەن ئاستا ـ ئاستا تورپىسېن ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بىر مۇھىم بېكەت ئىكەنلىكىنى، بۇ جاينىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن خۇشاللىقى بىلەن كېيىنكى كۆڭلەردىكى ئەسلىمىلىرىنى بايان قىلىپ بەردى. ئاخىر ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي، ئاستاغىنا چەتكە قارىۋالدى. نىچشېنىڭ گەپلىرىنى زەن سېلىپ ئاڭلاۋاتقان خانقىز ئۇنىڭ يىغلىغانلىقىنى سېزىپ قالدى.

نىچشې ۋە ئۇنىڭ يەھۇدىي دوستى بۇ رۇسىيىلىك قىزنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى. نىچشې يەھۇدىي دوستىغا «كىشىنى قايىل قىلىدىغان ئۇ قىزنى سەن ئالغىن» دېدى. «ياق، ــ دېدى دوستى، ــ مەن ھاياتتىن بەزگۈچى، پەرزەنت كۆرۈش ۋە ئۇنى تەربىيىلەشنى ئويلىسام نەپرەتلىنىمەن. ئۇ قىزغا سەن ئۆيلەنگىن. ئۇ دەل سەن ئالماقچى بولغان قىز ...» غېرىبسىنىپ يۈرگەن نىچشې مۇھەببەت ئوتىدا كۆيۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ چاڭقاپ كەتكەن يۈرىكى سۆيگۈ شارابىغا تەشنا ئىدى. لېكىن، تەپەككۇر بابىدا كامىل بۇ ئىنسان مۇھەببەت سەھراسىدا تەمتىرەپ يۈرگەن ساياق ئىدى. ئېھتىياتچان مىجەزى مۇھەببەت ئىزھار قىلىشقا يول قويمىدى، ئاخىر كۆڭلىنى ئىزھار قىلىپ

بىر نەچچە يەھۇدىي دوستىنى تەكلىپ قىلدى. ئۇزۇن بولسا يازلىغا قايتىپ كېتىپ خەۋەر كۈتتى.

نىچشى ئوفبېك ئائىلىسى بىلەن يەنە كۆرۈشتى، داۋاملىق تۇردە ئۆزىگە ئىللىقلىق يەتكۈزگەن بۇ ئائىلىگە ئۆز مەخپىيىتىنى ئاشكارىلىدى. ئۇ نىچشىنىڭ تېز ھەم مەجنۇنلارچە مۇھەببىتىدىن قىلچە ئەندىشە قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇلار نىچشىنى چىن يۈرىكىدىن سۆيىدىغان بىر قىزنىڭ ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىشىنى سەممىي ئارزۇ قىلدى.

تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتقان نىچشى ئاخىر شارومېنىڭ جاۋابىغا ئېگە بولدى: بەختكە قارشى بىر قېتىملىق مۇھەببەتنى بۇزۇلۇشنى ئەمدىلا باشتىن كەچۈرگەن نىچشى توي قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكمىگەنىدى. شارومې مۇلايىملىق بىلەن نىچشىنىڭ مۇھەببىتىنى رەت قىلدى ھەمدە بۇنىڭلىق بىلەن ئىككىسىنىڭ دوستلۇقىدا ئۆزگىرىش يۈز بەرمەيدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ روھىي جەھەتتىن ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئاتا قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى چىن يۈرىكىدىن ئىپادىلىدى. نىچشىنىڭ شارومېغا بولغان ھېسسىياتى كۈچلۈك ھەم سەممىي ئىدى. لېكىن، شارومېغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ياش پەيلاسوپ بىلەن ئۇچرىشىش بىر قېتىملىق ئۆزگىچە روھىي تەسىراتتىنلا ئىبارەت ئىدى. نىچشىغا ئاقىلانىلىك بىلەن مەدھىيە ئوقۇدى. لېكىن، مۇھەببەت ئۇچقۇنىنى چاقناتمىدى. شارومې ئۇنىڭغا قايىل بولدى، ئۇنى ھۆرمەتلىدى، ئۇنى ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئۇستازى دەپ ھېسابلىدى، ئەمما ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھى قىلىپ تاللاشنى خالىمىدى.

نىچشى بۇنىڭدىن مەيۇسلەنمىدى، ئۇ ھاياتىدىكى بۇ تۇنجى قېتىملىق مۇھەببىتىدىن ئاسان ۋاز كېچىشنى خالىمىدى. ئۇ دەرھال لۇسېرىنغا بېرىپ، شارومېغا قايتىدىن ئويلىنىپ بېقىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن نەسىھەت قىلدى، لېكىن بۇ خانقىز دەسلەپكى نىيىتىدىن يانمىدى. ئېيۇلدا شارومې نىچشىنىڭ دوستلىرى ۋە

سىڭلىسى بىلەن بىرلىكتە بايروئىتقا بېرىپ مۇزىكا بايرىمىغا قاتناشتى. ئۇ مۇزىكا بايرىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن نىچشېنى يوقلاپ كېلىشكە ماقۇل بولدى. ئېلىزابېتانىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق، شارومې ئەر ـ خوتۇن ۋاگنېرلار بىلەن تونۇشتى. ياخشى نىيەتلىك فىرولىن ئىككى ياشنى ياراشتۇرۇپ قويۇشقا ئۇرۇنۇپ ئەمدىلا نىچشېنى تىلغا ئېلىشىغا ۋاگنېر قوپاللىق بىلەن ئۇنى توختىتىپ قويدى ھەمدە ئاچچىقلانغان ھالدا ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى قاتتىق يېپىپ چىقىپ كەتتى. مۇھەببەت قانچە چوڭقۇر بولسا ئاغرىنىش شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. گېرمانىيىنىڭ گېرنىاۋادتا ساياھەت قىلىۋاتقان نىچشېنىڭمۇ كۆڭلى ئۇنچىلىك ئارامىدا ئەمەس ئىدى. ئۇ كاستېغا يازغان خېتىدە: «مەن ھەقىقىي قورقۇنچلۇق ھېسسىيات بىلەن شۇنى تۇتۇپ يەتتىمكى، ئەمەلىيەتتە مەن ۋاگنېر بىلەن نەقەدەر يېقىن ئىكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلىمەن» دېدى. لېكىن، بۇ ئىككى جاھىل قەلب دوستلۇق ئۇچۇن ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشنى خالىمايتتى. نىچشې شارومېنى ئەسلەپ، ئۇنىڭغا يازغان خېتىدە: «ئەگەر مەن سىزنىڭ قېشىڭىزدا بولالىغان بولسام، سىز بىلەن ئىنتايىن قىزغىن پاراڭ سېلىشقان بولاتتىم» دېدى.

مۇزىكا بايرىمى ئەمدىلا ئاياغلاشقاندا، شارومې بىلەن ئېلىزابېتا بىرلىكتە تاۋدېنبۇرگقا قايتتى. يولدا ئىككىسى تاكاللىشىپ قالدى. ئېلىزابېتا ئاكىسىنىڭ ئۆزىگە قارىغاندا ياش، ئەقىللىق بىر قىزغا بولغان دوستلۇقىغا ھەسەتخورلۇق قىلغانىدى. ئۇ تەرەپ ـ تەرەپكە پىتنە ـ ئىغۋا تارقاتقان ۋە شارومېغا تۆھمەت چاپلىغانىدى. بۇ ئىش نىچشېغا ئېغىر كەلگەچكە، ئاكا ـ سىڭىل ئوتتۇرىسىدا ئاشكارا توقۇنۇش پارتلىدى. نىچشېنىڭ قەلبىدە بىخ ئۇرغان مۇلايىملىق ۋە بەختكە بولغان ئىنتىلىشى ئۇنىڭ شارومېغا بولغان ئىشەنچىنى يوقاتمىدى. ئۇ شارومې بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلدى، ئەلۋەتتە. ئۇ چوڭقۇر مۇھەببىتى كۈچىنىڭ بارىچە

بىسىپ، شارومى بىلەن سىرداشتى ۋە پەلسەپە توغرىسىدا پاراڭلاشتى. ئۇلار دىن ۋە كىشىلەرنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا مۇھاكىمە قىلدى. ئىچشى تۇرمۇش شارومى بىلەن بايىروئىتتا كۆرگەن خرىستىئان دىنىنىڭ سىرلىق تىياتىرى «فاسپال»غا ئوخشاش بىر مەيدان تراگېدىيە، مەڭگۈلۈك مىتامىپسىخوز[1] جەريانىدىكى پانىي دۇنيا مۇقەررەر ھالدا ئوخشاشلا ئازاب ـ ئوقۇبەتكە ئۇچرايدۇ، دەپ ھېسابلىدى. شارومى كۈچلۈك چۈشىنىش ئىقتىدارى بىلەن بۇ بايانلارنى قولاق سېلىپ ئاڭلىدى. ئۇ سەممىي ھېسسىيات بىلەن ئاددىي يېزىلغان بىر شېئىرنى نىچشېغا سوۋغا قىلدى:

دوستلار دوستلارنى سۆيگەندەك،
مەنمۇ شۇنداق سۆيىمەن سېنى،
تۇرمۇش دېگەن ئۆزگىچە!

سەن ئۇچۇنلا خۇشالمەن، سېنى دەپلا يىغلايمەن،
خۇشاللىقىم يا ئازابىمنى ساڭىلا بەرسەم دەيمەن.

نىشچې بۇ سوۋغاتنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇش مەقسىتىدە سەككىز يىل مابەينىدە مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانماسلىق تەقىبىنى بۇزۇپ تاشلاپ، شارومىنىڭ شېئىرى ئۈچۈن كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان مەدھىيە مۇزىكىسى يازدى. مۇزىكا گۈزەل ھەم ھەسرەتلىك بولغاچقا، مۇھەببەت قاينىمىدىن چىقالمايۋاتقان نىچشېغا ئىنتايىن چوڭ ئازاب ئەكەلدى. شارومى بىنا قىلغان مۇھەببەتنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىنى بوغىدىغان خىلمۇخىل دوستلۇق چەكلىمىسىدىن نىچشېنىڭ ئىچى قاتتىق پۇشتى. جىسمانىي جەھەتتىكى ئازابىمۇ

---

[1] بۇددىزمدا جانلىق نەرسىلەر چاقنىڭ ئايلىنىشىغا ئوخشاش، جەننەت، دوزاخ، پانىي ئالەم قاتارلىق ئالتە دائىرىدە تەكرار ئايلىنىپ يۈرىدۇ، دېگەن تەلىمات.

ھەدىيىسىلا ئۇنىڭ ئىرادىسىنى سىنىماقتا ئىدى. ھەر قېتىم بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن شارومې ئوتتۇرىسىدا بىر مەيدان كىچىك جېدەللىشىش يۈز بېرەتتى. شارومې تاۋدىنبۇرگتىن ئايرىلدى. ئۇلار خەت ـ ئالاقە قىلىشنى داۋاملىق ساقلاپ كەلدى. لېكىن، مۇھەببەتنىڭ بۇ بوران ـ چاپقۇنىدىن كېيىن قېلىپ قالغان دوستلۇق ئۇزاق داۋاملىشالمىدى.

ئىككى ئايدىن كېيىن، شارومې لېيپسىگكە بېرىپ نىچشې بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى. نىشچېنىڭ يەھۇدىي دوستى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. شۈبھىسىزكى، شارومې ئۆزى بىلەن نىچشې ئوتتۇرىسىدا باشتىن ـ ئاخىرغىچە بىر خىل دوستلۇق ئارىلىقىنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىماقچىدى. مۇھەببەتنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان نىچشېدا گۇمان پەيدا بولۇپ ئىككى دوستنىڭ بىرلىكتە پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلار چوقۇم مېنىڭ گېپىمنى قىلىشىۋېتىپتۇ، دەپ ئويلىدى. بىر قىزىق ئىش ئۇنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈۋەتتى. بىر قېتىم، بۇ ئۈچ دوست بىرلىكتە رەسىمگە چۈشمەكچى بولدى. شارومې بىلەن پول لى نىچشېغا «سەن بۇ هارۋىدا ئولتۇرغىن، ئىككىمىز هارۋىنى ئىتتىرەيلى، بۇ بىزنىڭ ئىتتىپاقىمىزنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالىدۇ» دېدى. نىچشې نارازى بولغان هالدا: «مەن قارشى تۇرىمەن، يەنىلا شارومې خېنىم هارۋىدا ئولتۇرسۇن، ئىككىمىز هارۋىنى ئىتتىرەيلى» دېدى. شارومې بۇنىڭغا قوشۇلدى. كېيىن ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شارومې بۇ رەسىمنى نۇرغۇن دوستلىرىغا هەدىيە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۈستۈن ئورنىنى ئىپادىلىگەن.

نىچشې بارا ـ بارا بىئارام بولۇشقا باشلىدى. ئۇ يەھۇدىي دوستۇم بىلەن شارومې بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ماڭا ئېيتماپتۇ، دەپ گۇمانلاندى. ئەمەلىيەتتە شارومې ئۆزىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بۇ ئىككى دوستنىڭ بىرەرىنىڭ تەلىپىگىمۇ ماقۇل بولمىغانىدى. نىچشې ئاخىر

چۈشىنىش ئىقتىدارى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان شاگىرتتىدىن مەھرۇم بولۇپلا قالماي، بەلكى سەككىز يىلدىن بۇيانقى ئەڭ يېقىن دوستىغا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ سىڭلىسىنىڭ گەپكە قوشۇق سالىدىغان ئادىتىگە پەرۋا قىلماسلىق نىيىتىدە بولغانىدى، ئەمما بۇ ئىش قولىدىن كەلمىدى. ئېلىزابېتانىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشى ئۇنىڭ گۇمانىنى ۋە ئاغرىنىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتمۇەتتى. ئۇ كۇنداشلىق قىلىپ، يەھۇدىي دوستىدىن ئاغرىنغانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىدى، شۇنداق قىلىپ، شارومې بىلەن نىچشې ئوتتۇرىسىدا كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەردى. كۆڭلىدە غۇم ساقلاۋاتقان ئېلىزابېتا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇ ئىشقا ئارىلاشتى، ئۇ ئاكىسىدىن يوشۇرۇنچە شارومېغا بىر پارچە زەھەرخەندىلىككە تولغان خەت يېزىپ، شارومېنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى. بىز بۈگۈنكى كۈندە شارومېنىڭ شۇ چاغدا قانداق جاۋاب قايتۇرغانلىقىنى بىلمەيمىز. پەقەت نىچشېنىڭ ئۇنىڭغا يازغان ئاخىرقى بىر پارچە خېتىدىن ئىككىسىنىڭ خاپىلىق ئىچىدە ئايرىلغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ:

*لېكىن، شارومې سىز نېمىلەرنى يازدىڭىز - ھە ! ئىچى تار، دەرغەزەپكە كەلگەن بىر قىز ئوقۇغۇچىلا مۇشۇنداق ئۇسۇلدا خەت يازىدۇ. دائىم مۇشۇنداق تالاش - تارتىش قىلىشنىڭ ماڭا قانچىلىك پايدىسى بار؟ مېنى چۈشىنىڭ: سىز مېنىڭ ھۆرمىتىمگە ئېرىشىڭ، مانا بۇ مېنىڭ ئارزۇيۇم، مېنى ئەمدى نائۈمىدتە قويماڭ.*

*مەن سىزنى شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئەيىبلەيمەن: مەن سىزنىڭ جاۋاب بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىدىغان مەسىلىلەرگە بالدۇرراق چۈشەنچە بېرىشىڭىز كېرەك. لۇسېرنىدا مەن شوپېنخاۋېر توغرىسىدىكى ئىلمىي ماقالىنى سىزگە بېرىپ: (مېنىڭ قاراشلىرىم ئاساسەن شۇنىڭغا مەركەزلەشكەن، مەن ئوتتۇرىغا*

قويغانلىرىمنىڭ سىزنىڭ كۆزقارىشىڭىز بولۇپ قېلىشىغا ئىشىنىمەن. كېيىن سىز ئۇنى ئوقۇغان بولۇشىڭىز مۇمكىن) دېگەنىدىم. شۇ چاغدا سىز ماڭا: ( ياق ) دېدىڭىز (مەن بۇنداق ئىشتا بارلىق يۇزەلىكتىن قاتتىق نەپرەتلىنىمەن). ئېھتىمال سىز ماڭا نىسبەتەن كەڭ قورساقلىق قىلغانسىز! سىزنىڭ شېئىرىڭىز، سىز يازغان (ھەسرەت) بىر خىل رىئال نەرسە ئەمەس.

مەن ئىشىنىمەنكى، بىر كىشى سىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىڭىز ۋە كەمچىلىكىڭىزنى ماڭا ئوخشاش ئۇنداق ئوچۇق بىلمەيدۇ. ئۆزۈمنى ئاقلىماقچى ئەمەسمەن: مەن بۇرۇن سىزگە ئۆزۈمنى ۋە باشقىلارنى ئاقلاپ بەرگەن.

سىز ھۆرمەتلەش، تەشەككۈر ئېيتىش، ئىخلاسمەنلىك، ئەدەپ مەدھىيىلەش ۋە سەزگۈ ئۆتكۈرلۈكى جەھەتتە نېمىدېگەن كەمبەغەل ... مەن تېخىمۇ ئالىيجاناب مىجەزنى مۇھاكىمە قىلماقچى ئەمەسمەن. ئەگەر مەن سىزدىن سورىسام: سىز باتۇرمۇ؟ سىز نېمىدەپ جاۋاب بېرىسىز؟ ئەجەبا، سىز ئاسىيلىق قىلامسىز؟

سىز ئەينى ۋاقىتتا ھېس قىلمىدىڭىزكى، ماڭا ئوخشاش ئەركەك سىزگە يېقىنلاشقاندا، ئۇ ئىنتايىن ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى كېرەكمۇ؟ سىز بۇرۇن بارلىق ئەرلەر ئىچىدىكى ئەڭ كەڭ قورساق ۋە ئەڭ مېھرىبان كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلغان: بىراق، تار مەنپەئەتپەرەسلىك ۋە ئېپلاس ئاجىزلىقنىڭ ئەكسىچە، مېنىڭ كۆزقارىشىمنى ئېسىڭىزدە چىڭ ساقلاڭ، كىشىلەر ماڭا ئوخشاش ئاسانلا نەپرەتلىنىش تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان ئەمەس. مەيلى قايسى نۇقتىدا بولسۇن، مەن ئىككىنچى قېتىم ئۆزۈمنى ئالدىمايمەن. سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدا بىزنى ئۆزگەرتىدىغان قەلبىدىكى ئەڭ يوكسەك نەرسىگە ھۆرمەت قىلدۇرىدىغان مۇقەددەس نەپسانىيەتچىلىكنى كۆردۈم. مەن نېمە ئىشنىڭ سىزنى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ بۇنداق

*ئەپسانىيەتچىلىكنىڭ ئەكسى بولغان، يەنى خۇددى مۇشۇككە ئوخشاش نوقۇل ئارزۇ بىلەن ياشايدىغان نەپسانىيەتچىلىكنى ئالماشتۇرۇۋالغانلىقىڭىزنى بىلمەيمەن.*

*خەير - خوش سۆيۈملۈك شارومې، سىز بىلەن يەنە كۆرۈشۈشنى خالىمايمەن، سىزنىڭ ئۆز قەلبىڭىزنىڭ شۇنىڭغا ئوخشاش ھەرىكەتلەرنىڭ تۈپۈقسىز تاجاۋۇز قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنىڭدەك مېنىڭچە، سىزنىڭ دورا بىلەنمۇ ساقايتقىلى بولمايدىغان ئاشۇ مىجەزىڭىزنى باشقىلارنىڭ قارشى ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.*

*مەن سىزنىڭ خېتىڭىزنى ئوقۇپ بولالمىدىم. ئەمما مەن بەك كۆپ ئوقۇدۇم.*

ف. نىچشې

غەزەپ ۋە ھەسرەتنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن يېزىلغان بۇ خەت بەك ئاشۇرۇۋېتىلگەن ۋە ئادىل بولمىغان. كېيىن نىچشې شارومې ۋە يەھۇدىي دوستىغا بەزى تولۇقلىمىلارنى بەرمەكچى بولغانىدى. لېكىن، مەيلى نېمىلا بولسۇن، تېخى ئېچىلمىغان بىر ئەتىرگۇل بەك بالدۇر سولىشىپ قالدى. بىز ئۇنىڭ نىچشېغا قانچىلىك چوڭقۇر زىيان يەتكۈزگەنلىكىنى بىلىشكە قادىر ئەمەسمىز. ئۇ سىڭلىسى ئېلىزابېتا بىلەن خەت - ئالاقە قىلىشنى توختاتماقچى بولۇپ يازغان خېتىدە: «سۆيۈملۈك سىڭلىم، مەن ساڭا ئوخشاش كىشىلەرنى ياخشى كۆرمەيمەن، بولۇپمۇ ئۇلار ئەخلاقىي مەسىلىلەر ئۈستىدە مەنمەنلىك قىلغان چاغدا» دېگەن. لېكىن، ئۇ سىڭلىسىنىڭ يارىشىپ قېلىش تەلىپىنى ئۇزاق ۋاقىت رەت قىلمىغان، ئۇلار كۆرۈنۈشتە يارىشىپ قېلىش مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەمما نىچشې يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن سىڭلىسىنى ھەقىقىي يوسۇندا كەچۈرمىگەن. نىچشې ئالەمدىن ئۆتكۈچە، ئېلىزابېتا ئاكىسىنىڭ تولۇق ئىشەنچىگە قايتا ئېگە

بولالمىدى.

نويابىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كەيپىياتى ياخشى بولمىغان نىچشې يېگانە هالدا گېنوياغا بېرىپ قىشنى ئۆتكۈزدى. ئۇ قەلبىدە خەتەرلىك ئەھۋالنى ئەۋج ئالدۇرغان بۇ بىر قېتىملىق مۇھەببەت بورىنىنى ئۆزىگە غەمخورلۇق قىلىۋاتقان ئوفېبىككە يازغان بىرنەچچە پارچە خېتىدە ئاددىيلا قىلىپ «ئىش ئاياغلاشتى» دېگەن.

ئۇيغۇر كىتابلىرىنىڭ پىچىۋى تاللانمىسى
www.uyghurkitap.com

## يەتتىنچى باب روھنىڭ ئوغلى — زوروئاستېر

نىچشې خۇددى قېچىپ كەتكەندەك، گېنۇياغا 20 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان كىچىك شەھەر لابىروغا كەلدى. ئازاب ـ ئوقۇبەت كىشىلىك ھاياتىنىڭ جۇغلانمىسى، نىچشىنىڭ ئاشۇ سەزگۈر يۈرىكى نۇرغۇن ئىشلارنى ۋە چېنىقىشلارنى باشتىن كەچۈرۈپ يېتىلدى ھەم قەيسەرلەشتى. ئىتالىيىنىڭ بۇ كىچىك شەھىرىنىڭ بىر بۇرجىكىدە، نىچشې پۈتۈن ھاياتىدىكى ئەڭ شانلىق ئەسىرى «زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ» نى يېزىشقا كىرىشتى. بىرىنچى تومدا ئۇ «ئېگىز تاغلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ قىسقا ئارىلىق بىر چوققىدىن يەنە بىر چوققىغا بارغۇچە بولىدۇ، لېكىن بۇنى ئۇزۇن پۇت بولغاندىلا ئاتلاپ ئۆتكىلى بولىدۇ. تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز خەتەرلىك چوققىسىغا چىققان كىشى بارلىق تراگېدىيىنى مەسخىرە قىلىدۇ» دەپ يازىدۇ.

ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى تەرجىمىھالى «قاراڭ، بۇ ئادەمگە» دە، نىچشې زوروئاستېرنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلغان.

«1882 ـ يىلىدىن 1883 ـ يىلىغىچە بولغان پۈتۈن قىشنى مەن لابىرودىن ئىبارەت كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان خىلۋەت دېڭىز قولتۇقىدا ئۆتكۈزدۈم. مېنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىم ياخشى ئەمەس ئىدى. پۈتۈن قىش قاتتىق سوغۇق بولۇپ يامغۇر كۆپ ياغقاچقا، بىر كىچىك مېھمانخانا ماڭا مەيلى نېمىلا بولسۇن كىشىنى قانائەتلەندۈرمەيدىغان بىر ئېغىز ياتاق تەييارلاپ بەردى، بۇ مېھمانخانا دەل ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ ياقىسىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىزغا يېقىن بولغاچقا، دېڭىز دولقۇنىنىڭ شاۋقۇنى مېنى كېچىچە ئۇخلاتمايتتى. ئەمما، دەل مۇشۇ قىش كۈنلىرىدە، بۇ

قارغىش تەگكۈر مۇھىتتا ئاتاقلىق زورروئاستېر دۇنياغا كەلدى. ھەر كۈنى سەھەردە مەن جەنۇبىي زاگىلغا تۇتىشىدىغان مەنزىرىسى يېقىملىق تاغ ئارىسىدىكى چىغىر يولنى بويلاپ مېڭىشنى ئادەت قىلىۋالغانىدىم، بۇ چىغىر يول بىر قارىغايلىق ئارقىلىق كەڭ دېڭىزغا ئېگىزدىن نەزەر سېلىپ تۇراتتى؛ كەچقۇرۇنلۇقى سالامەتلىك ئەھۋالىم يار بەرسە سىن ماگدېرادىن فېنو پورتىغىچە بولغان پۈتۈن دېڭىز قولتۇقىنى بويلاپ سەيلە قىلاتتىم ... دەل مۇشۇ ئىككى يولدا، زورروئاستېرنىڭ پۈتۈن بىرىنچى قىسمى مېنىڭ قەلبىمگە ئايان بولدى، بولۇپمۇ بىر خىل تىپ بولغان زورروئاستېرنىڭ بۇ ئوبرازى مېنىڭ قەلبىمدە پەيدا بولدى؛ تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا ئۇ مېنىڭ قەلبىمگە بۆسۈپ كىردى...»

زورروئاستېر بىر غايىۋى ئادەم، ئادەتتىن تاشقىرى ئادەمنىڭ نامايەندىسى، نىچشېنىڭ جارچىسى زورروئاستېرنىڭ ئېغىزى ئارقىلىق نىچشې ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلىدۇ. «زورروئاستېر شۇنداق دەيدۇ» دۇنيادىكى كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان پەلسەپە توغرىسىدىكى ئەڭ نادىر كىتاب. ئۇنىڭدا چوڭقۇر مۇلاھىزە يوق. مۇجمەل دىنىي ئەقىدىلەرمۇ يوق. پۈتۈن كىتاب نەسرىي شېئىر ئۇسلۇبىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ساپ ھېكمەتلىك سۆزلەر ۋە ئاجايىپ مەزمۇنلۇق تەمسىللەر ئارقىلىق نىچشېنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنلۇق پىكىرلىرى شەرھلەنگەن. «تاڭ نۇرى» ۋە «خۇشاللىقتىكى ئەقىل ـ پاراسەت» نىڭ تەييارلىقى ئارقىلىق يېزىلغان «زورروئاستېر شۇنداق دەيدۇ» دېگەن كىتاب مەيلى شەكىل جەھەتتە ھەم مەزمۇن جەھەتتە بولسۇن، پىشىپ يېتىلگەن مەشھۇر ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا نىچشېنىڭ پۈتۈن ئىدىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەمدە ئۇنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھالدا نىچشې ئەسەرلىرىنىڭ جەۋھىرىگە ئايلاندۇرغان. لېكىن، كېيىنكىلەر قانداق مەدھىيىلىسە ئارتۇق كەتمەيدىغان مۇشۇنداق

www.uyghurkitap.com

نادىر كىتاب ئەينى ۋاقىتتا تېگىشلىك تەربىيلەشكە ئېگە بولالمىغانىدى. نىچشي ھايات ۋاقتىدا، بىز پەقەت ئۇنىڭ ئىچى تىت ـ تىت بولغان، ئەمما ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا مۇنداق دېگەنلىكىدىن خەۋىرىمىز بار:

«مېنىڭ ئەسەرلىرىم ئىچىدە (زوروئاستېر) پەۋقۇلئاددە ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. مېنىڭ بۇ ئەسىرىم ئىنسانىيەتكە بەرگەن مىسلىسىز ئۇلۇغ سوۋغىدىن ئىبارەت. بۇ كىتابىمنىڭ ئاۋازى مەڭگۇ ياڭرايدۇ، ئۇ، دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل كىتاب، خۇددى ھەيۋەتلىك تاغ چوققىسىدەك ئەڭ ھەقىقىي كىتاب بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەڭ چوڭقۇر مەنىلىك كىتاب، ئۇ ئەڭ مول ھەقىقەت ئىچىدە بارلىققا كەلگەن؛ مەڭگۈ قۇرۇپ كەتمەيدىغان بىر بۇلاق، ئۇنىڭغا پەۋەس خەزىنە كۆمۈلگەن بولۇپ، قولنى سالسىلا ئالغىلى بولىدۇ.»

«زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ» دېگەن ئەسەرگە باشتىن ـ ئاخىر ئادەتتىن تاشقىرى ئادەم كۆزقارىشى ۋە ئەسلىگە قايتىش ئىدىيىسىدىن ئىبارەت ئىككى تېما سىڭدۈرۈلگەن. پۈتۈن كىتاب تۆت قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، يېزىشتىن ئاۋۋال پۈتۈن كىتابنى مۇلاھىزە قىلىشقا 10 ھەپتە ۋاقىت سەرپ قىلىنغان، لېكىن ئالدىنقى ئۈچ قىسىمنىڭ ھەربىر قىسمىنى يېزىشقا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 كۈن ئەتراپىدا ۋاقىت كەتكەن. بىز ئۇنىڭ كېسەل ئازابى، مۇھەببىتىنىڭ بۇزۇلۇشى، شۇنداقلا يەككە ـ يېگانىلىك ئەكەلگەن ئازاب ـ ئوقۇبەتنى يېڭىپ ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئىنسان ئەقلى لال قالغۇدەك غەيرەت ـ شىجائەت بىلەن قانداق قىلىپ دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بۇ كاتتا ئەسەرنى روياپقا چىقارغانلىقىنى بىلمەيمىز. پەقەت ئۇنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۇچقۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ، زېرىكىشلىك ئىچىدە تۆتىنچى قىسمىنى يېزىشنى ئۇزاق مۇددەت توختىتىپ قويغانلىقىنى، يەنى 1885 ـ يىلى يانۋارنىڭ ئاخىرىدا پۈتتۈرگەنلىكىنىلا بىلىمىز.

نىچشې بىر ئىبسىل مەسىلىنى پۈتۈن كىتابىنىڭ كىرىش سۆزى قىلغان: زوروئاستېر بىزنىڭ ئالدىمىزدا پەيدا بولغان چاغدا 30 ياشتا بولۇپ، يۇرتىدىن ئايرىلىپ ئورمانلىق تاغدا تەركىدۇنيا بولۇپ كەتكەن. 10 يىلدىن بۇيان كىشىنى بىزار قىلىدىغان يالغۇزلۇقنىڭ دەردىنى تېتىپ باقمىغان. لېكىن، بىر كۈنى سەھەردە، ئۇ مۇددىئاسىنى ئۆزگەرتىپ، ئاجايىپ چىرايلىق تاڭ شەپىقىنى قارشى ئېلىپ، قۇياشقا مۇنداق دېگەن:

«سەن ئۇلۇغ ئاسمان جىسمى، ئەگەر ئۆزۈڭنىڭ سېخىي نۇرۇڭنى چېچىپ تۇرىدىغان كىشىلەردىن مەھرۇم بولساڭ، بەختىڭ قەيەردە بولىدۇ؟»

زوروئاستېر قۇياش ئارقىلىق ئۆزىنى چۈشەندۈرگەن، ئۇ كىشىلەرنى ئويغىتىش غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزلۈكىدىن تاغدىن چۈشۈپ ئورمانلىققا كىرگەن چاغدا بىر بوۋايغا ئۇچراپ قالغان، بوۋاي توختاپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن:

«ھەي، سەرسان بولۇپ يۈرگۈچى ماڭا ناتونۇش ئەمەس: نۇرغۇن يىل ئىلگىرى ئۇ مۇشۇ جايدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئىسمى زوروئاستېر، لېكىن ئۇ ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ چاغدا سەن كۈلنى ئېلىپ پاناھلىنىش ئۈچۈن ئورمانلىق تاغقا كىرىپ كەتكەنىدىڭ؛ ھازىر سەن ئۆزۈڭنىڭ ئوتنى ئېلىپ جىلغا ئىچىگە بارماقچىمۇ؟ سەن ئوت قويغۇچى دېگەن جىنايى جازاغا ھۆكۈم قىلىنىشتىن قورقماسەن؟»

زوروئاستېر ئۇنىڭغا جاۋابەن: «مەن ئىنسانلارنى ياخشى سۆيىمەن» دېگەن. ئۇ ئىنسانلارنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان يۇدۇپ كېلىۋاتقان كرېستىنى تاشلاتقۇزۇۋەتتى. ئۇ تەڭرى ئۆلدى، ئادەتتىن تاشقىرى ئادەم دۇنياغا كەلدى، دەپ جاكارلىدى. لېكىن، كىشىلەر قىلچە چۈشەنمىدى. ئۇلار بازارغا يىغىلىپ خۇشاللىق بىلەن سېرك ئۇيۇنچىسى ئۈمىكىدىكى دارۋازنىڭ ئويۇنىنى كۆرۈشكە باشلىدى.

نىچشې شاۋقۇن ـ سۈرەنگە تولغان بازارنى شاۋقۇنلۇق

www.uyghurkitap.com

كىشىلىك ھاياتقا ئوخشىتىش ئارقىلىق، دارۋازنى كىشىلىك ھاياتتىكى خەۋپ - خەتەرنىڭ سىمۋولى قىلغان.

دارۋاز دىققەتسىزلىكتىن يىقىلىپ چۈشتى، كىشىلەر توپى دەرھال تارقىلىپ كەتتى. پەقەت زوروئاستېرلا ئۇنىڭ يېنىدا تۇراتتى.

سەكراتقا چۈشۈپ قالغان دارۋاز گۇمانلىق نەزىرىدە قارىدى، بىر چاغدا ئاخىر زۇۋانغا كېلىپ: «... مەن خۇددى ھايۋانغىمۇ ئوخشىمىغان ھالدا قامچا يېيىش ۋە ئەرزىمەس ھەق بەدىلىگە ئۇسسۇل ئويناشقا ئۆگىتىلدىم» دېدى.

«ياق، — دېدى زوروئاستېر، — خەتەرنى كەسىپ قىلىشنى قانداقتۇر كۆزگە ئىلمىغانلىق ئەمەس، ھازىر سەن كەسىپ تۈپەيلىدىن جېنىڭدىن ئايرىلىسەن، شۇڭا مەن سېنى ئۆز قولۇم بىلەن دەپنە قىلىمەن.»

زوروئاستېر ئۆلگۈچىنى دۈمبىسىگە ئارتىپ شەھەردىن ئايرىلدى، كېچىدە ئورمانلىق ئىچىدە قوندى. ئەتىسى ئويغىنىپ، توساتتىن ئۆزىنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشىنىڭ مۇردىنى يۆتكەش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ شېرىكىنى ئىزدەپ تېپىپ ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. شۇنداق قىلىپ، زوروئاستېر «ئورتاق ياراتقۇچى» نى تېپىشنىڭ ئۇزاق مۇساپىسىنى باشلىدى.

«زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ» دېگەن ئەسەرنىڭ تۆت قىسمى نۇرغۇن قىسقا ھېكمەتلىك سۆزلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ھەربىر پارچىسىنىڭ باش - ئاخىرى باغلانمايدۇ. ھەربىر ئابزاس سۆزمۇ زىچ باغلىنىشلىق بولۇشى ناتايىن. قارىماققا قالايمىقاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىچكى يىپ ئۇچلىرى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇلغان. بىرىنچى قىسمىنىڭ بىرىنچى بۆلۈمى «روھنىڭ ئۆزگىرىشى»دە نىچشې ئۆزىنىڭ پەلسەپىسى ئۈچۈن بىر قىممەت سىستېمىسىنى تىكلىگەن.

«مەن سىلەرگە روھنىڭ ئۈچ خىل ئۆزگىرىشىنى ئېيتىپ بېرىمەن: روھ قانداق قىلىپ تۆگىگە ئۆزگىرىدۇ، تۆگە قانداق

قىلىپ شىرغا ئايلىنىدۇ. ئاخىرىدا شىر قانداق قىلىپ بوۋاققا ئۆزگىرىدۇ.»

ئۇ ئۈچ خىل ھايۋان ئارقىلىق روھ تەرەققىياتىنىڭ ئۈچ باسقۇچىنى تەسۋىرلىگەن: ئەڭ دەسلەپتە تۆگە روھ، ئۇنىڭدىن كېيىن شىر روھ، ئاخىرىدا شىر بوۋاققا ئايلانغان. تۆگە ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈشكە چىداش روھىغا ئىگە. شىر روھى ئەنئەنىنى تەنقىد قىلىش بىلەن ئىجادچانلىق ئەركىنلىكىگە ئىگە بولۇشتىن دېرەك بېرىدۇ. بوۋاق يېڭى قىممەتنىڭ يارىتىلىشقا باشلىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. «روھنىڭ ئۈچ خىل ئۆزگىرىشى» نىچشې ئىدىيىسىنىڭ تەرەققىيات جەريانى بولۇپ، ئۇ ئەنئەنىۋى قىممەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ چۈشىنىشكە سىمۋول قىلىنغان، كېيىن تەنقىدنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭى قىممەتنى ياراتقان.

زوروئاستېرغا مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن ئادەتتىن تاشقىرى ئادەم دەل بۇ ئۈچ خىل روھنى گەۋدىلەندۈرۈشتىكى يېڭى ئىنسانلارنىڭ ۋەكىلى ئىدى. ئادەتتىن تاشقىرى ئادەم نىچشې پەلسەپىسىنىڭ ئاساسى، «زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ» دېگەن ئەسەر ئاساسەن ئادەتتىن تاشقىرى ئادەمگە ئوقۇلغان مەدھىيىدىن ئىبارەت. ئۇ ئۆزىنىڭ پەلسەپىسىنى بىر بازغانغا سېلىشتۇرۇپ، بازغاندەك پىكىر يۈرگۈزۈپ، بارلىق ناتوغرا نەرسىلەرنى يانجىپ تارمار قىلغان: بازغاندەك پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئادەتتىن تاشقىرى ئادەمنىڭ ئوبرازىنى تاۋلىغان، بۇ ئوبراز نىچشېنىڭ قەلبىدىكى يۇنان تراگېدىيىسىدىكى قەھرىمان دىئونىس ئىدى.

ئەۋلىيا ۋە ئالدىن ئېيتىپ بەرگۈچى ھېسابلانغان زوروئاستېر ئاجايىپ مول خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ قەيسەر، ئۆتكۈر، ساغلام، باتۇر ۋە خۇشال ئىدى. ئۇ نىچشېنىڭ روھى جەھەتتىكى ئوغلى ئىدى. ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشى جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن تولغانىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ دادىسى ئۇنى قەلەم

بىلەن ئەمەس، بەلكى ياش بىلەن، پۈتۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ ئۇنى ياساپ چىققانىدى. ئۇ نىچشې ھاياتىنىڭ ھاۋالىسى ئىدى ! ھەر كۈنى سەھەردە نىچشې دورا ئىچكەندىن كېيىنكى تىنىچ ئۇيقۇدىن ئويغانغان چاغدا، دائىم كۈچلۈك ھەسرەت ئىلكىدە قايتىدىن كىشىلىك ھاياتقا تەلپۈنەتتى. روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى قاتمۇقات بېسىم ئاستىدا بىر تەرەپتىن يازاتتى، بىر تەرەپتىن تۈزىتەتتى. ھەرقانداق تالانت ئىگىسى تىرىشچانلىقنى داۋاملاشتۇرغاندىلا ئاندىن مول مېۋە بېرەلەيدۇ. نىچشې زورۇئاستېرنى ياراتتى، زورۇئاستېرمۇ نىچشېنى قوللىدى. ئۇ مەڭگۈ ئالىيجاناب ھەم قەيسەر قەھرىمانلاردەك زورۇئاستېرنىڭ جىسمىدىن ئۈمىد ۋە ئىلھام ئىزدىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆمۈ ئۆزىنىڭ غەمكىنلىك ۋە غەزەپ ـ نەپرىتىنى زورۇئاستېرغا بېرىشتىن خالىي بولالمىدى. تۇرمۇشتا ئايالالار بىلەن چەكلىك ئالاقە قىلىشىنىڭ ئاخىر نىچشېغا ئەكەلگىنى ئاساسەن كۆڭۈلسىز ئەسلىمە بولدى، خالاس. زورۇئاستېرمۇ تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ ئايال زاتىغا قارشى ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلدى. بىز «زورۇئاستېر شۇنداق دەيدۇ» دىكى «قېرى ئايال بىلەن ئايىم قىز» دىن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر قاتار گەپلەرنى كۆرەلەيمىز.

تاغنىڭ غەربىدە كۈن پاتتى، مەن يالغۇز مېڭىپ كېتىۋاتاتتىم، بىر قېرى ئايال ئۇچرىدى، ئۇ مېنىڭ روھىمغا مۇنداق دېدى:

...

ئايالالارنىڭ ھەممىسى سىر، بارلىقىغا بىرلا جاۋاب بار، ئۇ تۇغۇش.

...

ھەقىقىي ئەركەك ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل نەرسىگە موھتاج: بىرى خەۋپ ـ خەتەر، يەنە بىرى ئويۇن، شۇڭا ئۇلار

ئاياللارنى ئەڭ خەۋپلىك ئويۇن قىلىش ئۈچۈن ئاياللارغا موھتاج.

...

ئاياللار سۆزۈك ۋە ئەپچىل ئويۇنچۇققا ئوخشايدۇ، ئۇلار خۇددى ياقۇتتەك كەلگۈسى دۇنيانىڭ گۈزەل ئەخلاقىي نۇرلىرىنى چاچىدۇ.

سېنىڭ مۇھەببىتىڭدە ئەلۋەتتە سېنىڭ شان ـ شەرىپىڭ بولۇشى كېرەك: بۇلاردىن سىرت ئاياللار شان ـ شەرەپنى ئانچە چۈشەنمەيدۇ. سۆيگۈنىڭ سۆيگۈگە مۇيەسسەر بولغۇچىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ، بۇ سېنىڭ شان ـ شەرىپىڭگە ئايلانسۇن.

...

ئەرلەر ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان ئاياللاردىن قورقۇشى كېرەك، ئاياللار ھەرقانداق قۇربان بېرىشتىن يانمايدۇ، باشقا بارلىق نەرسىنىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن قىلچە قىممىتى يوقتەك.

ئەرلەر ئۆزىگە نەپرەتلىنىدىغان ئاياللاردىن قورقۇشى كېرەك؛ چۈنكى، ئەرلەر قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدىكى روھ قەبىھ بولىدۇ؛ ھالبۇكى، ئاياللارنىڭ بولسا بۇزۇق بولىدۇ.

...

ئەرلەرنىڭ خۇشاللىقى بولسا مەن ئالىمەن؛ ئاياللارنىڭ خۇشاللىقى بولسا ئۆزگىلەر ئالىدۇ.

...

ئاياللار بويسۇنغان ھالدا، ئۆزىنىڭ يۈزەلىكى ئۈچۈن چوڭقۇرلۇق نىقابىنى ئىزدىشى كېرەك. ئاياللارنىڭ روھى تېيىز سۇ يۈزىدىكى جىمىرلاشقا ئوخشايدۇ.

ئەمما، ئەرلەرنىڭ روھى چوڭقۇر بولىدۇ. ئۇنىڭ دولقۇنى ئەڭ چوڭقۇر جايدا شىددەت بىلەن ئۆركەشلەيدۇ؛ ئاياللار بۇنداق كۈچنى ھېس قىلىدۇيۇ، ئەمما چۈشەنمەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇ قېرى ئايال ماڭا مۇنداق جاۋاب بەردى. «زوروئاستېر ئايىم قىزلارغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ياخشى قائىدىلەرنى ئېيتتى.»

ئۇيغۇر كىتابلىرى www.uyghurkitap.com

بۇ ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىك: زورۇ ئاستىر ئاياللارنى تونۇمايدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى ئىنتايىن توغرا!
ھازىر مېنىڭ كىچىككىنە ھەقىقەتىمنى قوبۇل قىلىپ، ماڭا مىننەتدارلىق بىلدۈرگىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى بەك قىزىقتۇرۇۋەتتى!
ئورنىۋال، ئۇ تۇۋلاپ تاشلىمىسۇن، قولۇڭ بىلەن ئاغزىنى ئېتىۋال، مانا بۇ»
ئەمدى مەن ئېيتاي: «ياخشى ئادەم، سەن بۇ كىچىككىنە ھەقىقەتنى ماڭا بەرگىن!»
ياخشى ئادەم مۇنداق دېدى:
«سەن ئاياللارنىڭ قېشىغا بارماقچىمۇ؟ ئۇنداقتا قامچا ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇما!»

ئاياللارنىڭ يېنىغا بارغان چاغدا قامچا ئېلىۋېلىش، بۇ نىچشېنىڭ ئاياللار توغرىسىدىكى پەند - نەسىھىتىگە ئايلانغان. مۇنداق پىكىر ھازىرقى نۇقتىئىنەزەردىن ئېلىپ ئېيتقاندا شۈبھىسىز زەربە يېيىشى كېرەك. مۇنداق ئاشۇرۇۋېتىلگەن پىكرى تۇرمۇشتا ئۇنىڭ ئاياللار بىلەن بولغان كۆڭۈلسىز ئالاقىسىدىن كېلىپ چىققان. سىڭلىسى ۋە ئاپىسى بىلەن بولغان سۈركىلىشى ھەرگىز تۈگىمىگەن، ھەر قېتىم يارىشىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا يەنە يېڭى جېدەللىشىش يۈز بەرگەن. ئۇ ئوفىيىككە رەنجىگەن ھالدا: «مەن ئاپامنى ياخشى كۆرمەيمەن. سىڭلىمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسام بىئارام بولىمەن، ئەگەر مەن ئۇلار بىلەن بىللە بولسام كېسەل بولۇپ قالىمەن» دېگەن.
1883 - يىلى نىچشېنىڭ ئاپىسى ۋە سىڭلىسى ئۇنى قايتىدىن ئۇنىۋېرسىتېتقا بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى. نىچشې بۇنىڭغا قوشۇلدى. ئۇ خىزمەت تەلەپ قىلىش ھەققىدە بىرنەچچە پارچە خەت يازدى. لېكىن، ھېچقانداق دېرىكى بولمىدى. ئۇ كۆڭۈلنى يېرىم قىلىدىغان بۇ ئىشنى كاستېغا

سۆزلەپ بېرىپ: «ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ هازىرقى مۇدىرى ھېيىندى ماڭا سەممىي گەپنى دېدى. مېنىڭ لېيپسىگتا خىزمەت تەلەپ قىلىشىم سۇغا چىلاشتى (ئېھتىمال گېرمانىيىدىكى بارلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردا شۇنداق بولۇشى مۇمكىن)؛ مېنىڭ خرىستىئان دىنىغا تۇتقان پوزىتسىيەم ۋە خۇدانى ئەيىبلىشىم تۈپەيلىدىن، ئۇ مېنى مەكتەپكە تونۇشتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بۇمۇ ناھايىتى ياخشى بولدى! بۇنداق كۆزقاراش ماڭا يەنە جاسارەت بەردى» دېدى. ئۇنىۋېرسىتېت دەرۋازىسىنىڭ ئۇنىڭغا تاقىلىشى كىشىلەرنىڭ يەنە بىر قېتىم ئۇنى چەتكە قاققانلىقىنى ۋە يېتىم قالدۇرغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

نىچشېنىڭ تەقدىر ئاسمىنىنى دائىم دېگۇدەك بۇلۇت قاپلىۋالاتتى. ئۇ گېنويا دېڭىز قولتۇقىدا زورۇئاستېرنى ئىجاد قىلىۋاتقان چاغدا، رىخارد ۋاگنېر ئالەمدىن ئۆتتى. نىچشې بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىنتايىن ئازابلاندى. ئۇ ۋاگنېرغا نىسبەتەن مۇرەككەپ بىر خىل ھېسسىياتتا ئىدى. ئۇ ئالتە يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئالاقە قىلمىغان كوشىما ۋاگنېرغا خەت يېزىپ ئۆزىنىڭ ماتەم تۇتقانلىقىنى ئىپادىلىدى، ۋاگنېرنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى ئۇلارنىڭ كىشىنى ھەسرەتتە قويىدىغان كۆلكە ۋە كۆز ياشقا تولغان دوستلۇقىنى ئاياغلاشتۇردى.

ئوغىسىنى قايىنتىدىغان يەنە بىر ئىش نىچشېنى ئىككى توك ـ توك دوستىنىڭ بىرىدىن مەھرۇم قىلدى. نىچشې بىلەن ئېلىزابېتا يارىشىپ قالغان كۈنلەردە ئۇ قوپال سىڭلىسىنى شارومې بىلەن يەھۇدىي دوستىنىڭ ئىشىنى قايتا تىلغا ئالماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇردى، ئېلىزابېتا قوشۇلدى، لېكىن بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاشۇ ئۇرۇشقاق تەبىئىتى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدۇرماي، يەھۇدىي دوستىنىڭ نىچشېدىن يوشۇرغان ئىشلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن يالغان ـ ياۋىداق گەپلەرنى توقۇپ چىقىپ، ئاكىسىنىڭ يەنە بىر قېتىم ئاچچىقىنى كەلتۇردى. قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن نىچشې يەھۇدىي

دوستىغا كەسكىن سۆزلەرنى ئىشلىتىپ بىر پارچە خەت يازدى. نىچشې ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئېلىزابېتا ئاكىسىنىڭ شۆھرەت تاپقانلىقىنى، بۇنىڭدىن ئۆزىگە پايدىسى تېگىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىش ھوقۇقىنى مونوپول قىلىۋالغان ھەمدە ئۇنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتكەن. شۇ سەۋەبتىن، بىز بۈگۈنكى كۈندە ئەينى ۋاقىتتىكى نۇرغۇن ئىشلارنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى بىلمەيمىز. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كېيىن يەھۇدىي دوستىغا نىچشېنىڭ ئىلھام بېرىشى بىلەن يازغان بىر پارچە ئەسىرىنى نىچشېغا ھەدىيە قىلغان، لېكىن نىچشې بۇنداق ئاشكارا ھۆرمەتنى رەت قىلغان. ئۇ دوستىنى ئاسىيلىق قىلدى دەپ ھېسابلاپ، ئۇنى ئەپۇ قىلمىغان.

ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن دىلخەستىلىك نىچشېنىڭ قايغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئېغىرلاشتۇردى. ئېلىزابېتا بېرلىندىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى فورستېرنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئۇ گېرمانىيىلىك مىللەتپەرۋەر، ۋاگنېرنىڭ شاگىرتى ۋە سىياسىي جەھەتتە قاتتىق قوللۇق بىلەن يەھۇدىيلارنى چەتكە قاققۇچى ئىدى. تەشۋىق ـ تەرغىبات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىدىن ئىستېپا بېرىپ، پاراگۋايدا مۇستەملىكە ئىشلىرىنى تەسىس قىلدى. ئېلىزابېتا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماقچى ھەمدە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ جەنۇبىي ئامېرىكىغا كەتمەكچى بولدى. ئاپىسى ئۇنى توسۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى. نىچشې بۇ ئادەمنىڭ ئىدىيىسىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ تەشۋىق ـ تەرغىباتقا تايىنىپ جان باقىدىغان ئىستىلىنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمىدى ھەمدە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلغانلىقىنى، ئېلىزابېتانىڭ شارومىغا قىلغان سۆيىقەست ۋە ھىيلە ـ مىكىرلىرىگە قاتناشقانلىقىنى بىلەتتى. نىچشې باللىق چاغلىرىدا ھەمىشە بىللە بولغان سىڭلىسىنىڭ مۇشۇنداق بىر

ئەركەككە ئەگەشكەنلىككە سەۋر ـ تاقەت قىلالمىدى، ئۇ سىڭلىسىنى تېپىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا پىكرىنى ئۆزگەرتىش مەقسىتىدە نەسىھەت قىلدى. لېكىن، ئېلىزابېتا نىيىتىدىن ھەرگىز يانماي، ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشتى. نەتىجىدە، ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسى قاتتىق جېدەللىشىپ، كۆڭلى يېرىم بولۇپ قايتىشتى. بىرنەچچە ئايدىن كېيىن، ئېلىزابېتا مەخپىي توي قىلدى. نىچشې سىڭلىسىنىڭ كۈتمىگەن يەردىن چىقىپ، ئۆزى ئىنتايىن ئۆچ كۆرىدىغان مۇشۇنداق بىر كىشى بىلەن توي قىلغانلىقى، ئۇنىڭغا قاتتىق ئېغىر كەلدى.

تۇرمۇشتىكى بىرمۇنچە كۆڭۈلسىزلىك ئىشلار ئۇنىڭ روھىي يۈكىنى ئېغىرلاشتۇردى. شۇ يىلى يازدا ئۇ بىر غەلىتە سېزىمنى، يەنى ئۆزىنىڭ ھاياتى ۋە ئىدىيىسىگە تەھدىت سالغان پاجىئەلىك ئاپەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ خىزمىتىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتتى. بۇ چاغدا ئۇيلىمىغان يەردىن چىققان بىر دوستى پۇل ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭغا ياردەم بەردى ۋە ھالىدىن خەۋەر ئالدى. لېكىن نىچشې يازغان ئەسەرلەرگە ئىنتايىن قىزىقىپ قالغانىدى، يەنى نىچشېنىڭ بىرنەچچە پارچە كىتابىنى ئوقۇپ، ئۇنى ئىنتايىن ماختاپ، نەشرىيات سودىگىرىدىن نىچشېنىڭ ئادرېسىنى سوراپ بىلمۇۋالغانىدى. ئۇ يەنە نەشر قىلغان «زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ»نىڭ كېيىنكى ئىككى قىسمىنى ئوقۇپ، فلورېنتسىيىدە تەسىرگە ئىگە « ياۋروپا ئوبزورى» ژۇرنىلىدا خېلى سەۋىيىلىك ئوبزورنى ئېلان قىلدى. ئۇ نىچشې پەلسەپىسىنى چۈشەنمىدىغان ۋە قوبۇل قىلغان ئازغىنە بىرنەچچە كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

ئۇلار تۇرمۇشنى بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇردى، بەزىدە ئاممىۋى قىرائەتخانىغا كىرىپ گېزىت ئوقۇدى، بەزىدە دېڭىز ساھىلىغا بېرىپ سەيلە قىلدى، ئاخشىمى ھەرقايسى ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنى قىلدى ياكى لېسىك نىچشېغا دېكلاماتسىيە ئوقۇپ بەردى. لېسىك دائىم ئۇنىڭدىن ئەنسىرەيتتى. بىر يەكشەنبە

كۈنى، بىر قىز نىچشىدىن چىركاۋغا بىللە بېرىشنى خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقىنى سورىدى، « بۈگۈن بارمايمەن » نىچشى ئەدەپ بىلەن جاۋاب بەردى. ئۇ لېسىكىنىڭ چۈشىنىكسىز ئىپادىسىنى كۆرۈپ: « ھەرقانداق بىر ھەقىقەت ھەربىر ئادەمگە ماس كېلىۋەرمەيدۇ. ئەگەر مەن ئۇ قىزچاقنىڭ قەلبىنى تەشۋىشكە سالسام، مەنمۇ خاتىرجەم بولالمايمەن » دېدى. لېسىك ئۆزىنى «مۇئەللىم» دەپ ئاتايدىغان بۇ كىشىنىڭ تۇرمۇش سەنئىتىنى بىرمەھەل ئاڭقىرالماي قالدى.

نىچشى بۇرۇنقىغا قارىغاندا پات ـ پات يالغۇز سەيلە قىلىپ، بەزىدە تېز بەزىدە ئاستا ماڭاتتى، بەزىدە توختاپ قەغەز ـ قەلەملىرىنى ئېلىپ بەزى جۈملىلەرنى خاتىرىلەيتتى. لېسىك ئۇنىڭ نېمىلەرنى يېزىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى.

باش باھارنىڭ بىر ئەتىگىنى، لېسىك ئىلگىرىكىدەك نىچشىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئەزەلدىنلا ئۆز ۋاقتىدا ئورنىدىن تۇرىدىغان نىچشىنىڭ كارىۋاتتا ياتقانلىقىنى كۆردى.

ــ مەن ئاغرىپ قالدىم، ــ دېدى نىچشى، ــ مەن ئەمدىلا بوشاندىم.

ــ سەن نېمە دېدىڭ ؟ ــ لېسىك ھەيران بولۇپ سورىدى.

ــ « زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ »نىڭ تۆتىنچى قىسمىنى يېزىپ بولدۇم.

تەركىدۇنيا بولۇپ ياشاۋاتقان زوروئاستېر غارنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ سىرتتىكى بىردەملىك ئازابلىق چاقىرىقنى ئاڭلىدى. ئۇلار ھازىرقى زاماندىكى بىر توپ ئالىي كىشىلەر: يەنى زاۋالغا يۈزلەنگەن ۋە ئۆلۈمنى كۆرگەن ئۈمىدسىز ئالدىن ئېيتىپ بەرگۈچى، ئورنىدىكى كۆرەشتە تەختتىن ۋاز كېچىشنى خالىمىغان ئىككى پادىشاھ، ئۆمۈر بويى سۈلۈك تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان بىر مۇتەخەسسىس سىياسىيونغا ئوخشاش ھەر خىل رول ئوينايدىغان بىر سېھىرگەر، تەڭرى ئۆلدى دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرەلمىگەن ئاخىرقى پاپا، تەڭرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن

ھېلىقى ئەڭ بەتبەشىرە كىشى، قەلەندەرچىلىك قىلىپ بېيىشتىن نومۇس قىلغان تىلەمچىدىن ئىبارەت ئىدى.
زورروئاستېر غاردىن ئايرىلىپ قايتىپ كەلگەن چاغدا، بۇ بىر توپ كىشىلەرنىڭ بىر ئېشەكنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ، ئۇنى تەڭرى، دەپ چوقۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن زورروئاستېر مۇنداق دېدى:
« سىلەر ھەقىقەتەن ئالىي كىشىلەر بولۇشۇڭلار مۇمكىن. لېكىن، مېنىڭچە سىلەر تېخى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىيەلمەيسىلەر ھەم دېگەندەك قەيسەر ئەمەس …
سىلەرنى ئالىيجاناب دەپ ھېسابلاپ، ئالىيجانابلار خىلىغا مەنسۇپ قىلغاندىمۇ، سىلەرنىڭ قەلبىڭلاردا يەنە نۇرغۇن بۇرمىلاش ۋە غەيرىي نورماللىق بار. دۇنيادا تېخى مەن ئۇچۇن سىلەرنى بازغان بىلەن ئۇرىدىغان تۆمۈرچى بارلىقىقا كەلمىدى.
…
مەن بۇ تاغدا تۇرۇپ سىلەرنىڭ ئاخىرقى قېتىم تاغدىن چۈشۈشۈڭلارنى كۈتۈۋاتقىنىم يوق. سىلەرنىڭ يېتىپ كېلىشىڭلار پەقەت بىر بېشارەت: ئۇ تېخىمۇ ئالىيجاناب كىشىنىڭ يولدا ماڭا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.»
زورروئاستېر شۇنداق دېدى ھەم كۆھنىقاپىدىن ئايرىلدى، ئۇ ئۇتتەك ئىسسىق ھەم كۈچلۈك بولۇپ، خۇددى قاراڭغۇ تاغ چوققىسىدىن كۆتۈرۈلگەن تاڭ سەھەردىكى قۇياشقا ئوخشايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچىقى

# سەككىزىنچى باب ئاخىرقى ئادىشىش

ئۇلۇغ زوروئاستېر تاشلىۋېتىلدى. نىچشې جامائەت ئۇنى بىلىشنى خالىمىغاندىمۇ ھەرھالدا بەكلا مەمنۇن بولدى. ئۇ بىرەر نەشرىيات سودىگىرىنى تاپالمىغان ئەھۋالدا، ئۆزى پۇل چىقىرىپ كىتابتىن 40 نۇسخا باستۇردى. كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشىنى ۋە قوبۇل قىلىشىنى ئۈمىد قىلمىدى. لېكىن، كېيىنكى ئەسىردىكى كىشىلەر ئۇچۇن تەپەككۇر چوغىنى قالدۇردى. بالدۇر تۇغۇلغان زوروئاستېر ياشاش ماكانى تاپالمىدى، نىچشېنىڭ يۈرىكى ئېچىشقان بولسىمۇ ئەمما ئەپسۇسلانمىدى. « بۈنىڭدىن كېيىن، — دەپ يازىدۇ ئۇ، — زوروئاستېر ئەمەس، بەلكى مەن ئۆزۈم سۆزلەيمەن.»

نىچشې داۋاملىق سەيلە - ساياھەت قىلىش ئارقىلىق ئاساسەن ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتىنى تاپتى. ياز كۈنلىرىنى ئۇ سىلىستا ئۆتكۈزدى. قىشتا ئىتالىيىنىڭ نىسسا شەھىرىگە باردى. نىسسادا ئۇ « زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ»دىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم ئەسىرى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق» نى يېزىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى يىللاردىكى ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا ھەيران قېلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنىڭ مول تالانتىدىن باشقا، بىز يەنە شۇنى كۆرەلەيمىزكى، شان - شەرەپ، مۇھەببەت، دوستلۇق، ئائىلە قاتارلىق ئادەتتىكى كىشىلەر ئىگە بولىدىغان خۇشاللىقتىن مەھرۇم بولغاندىن كېيىنكى نىچشې ئۇچۇن پىكىر قىلىش ۋە يېزىقچىلىق ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ بارلىقى بولۇپ قالدى. ئىش بولمىغان كۈنلىرىنى زېرىكىشلىك ۋە مەنىسىز ھېس قىلدى. قاتتىق ئويلىنىش ۋە ئارقا - ئارقىدىن يېزىش ئۇنى ماغدۇرسىزلاندۇردى، لېكىن ئۇ ھېچكىم ئالقىشلىمىغان

غىرىب ـ مىسكىنلىك ئىچىدە خۇددى قاراڭغۇ كېچىدىكى بىر شام قالدۇقى پەقەت ئۆزى چىقارغان يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىقتىن مېھرىبانلىق ۋە خۇشاللىققا ئىگە بولغاندەك، نىچشىمۇ پەقەت ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدىن تەسەللى ئىزدىدى.

نىچشى ئۆزىنىڭ ياخشىلىق بىلەن يامانلىق مۇنازىرىسىنىڭ خىيالىغا چۆمگەندە، ئاپىسىدىن خەت كېلىپ، پات ئارىدا ئېرى بىلەن بىللە جەنۇبىي ئامېرىكىغا كېتىدىغان سىڭلىسى بىلەن ئاخىرقى قېتىم خوشلىشىۋېلىشقا ئۇنى چاقىرتتى. ئۇلار ئېغىر ـ بېسىق ھەم سەمىمىي ھالدا يۈز كۆرۈشتى، ئىككىسى بۇنىڭ ئېھتىمال ئاخىرقى قېتىملىق ئايرىلىش ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ سىڭلىسىغا تۇرمۇشىنىڭ ئىنتايىن جاپالىق ئىكەنلىكى ئۈستىدە توختالدى. «مەن تەنھا ھالدا ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بىر مەسىلىگە دۇچ كەلدىم، ـــ دېدى ئۇ، ـــ بىر ئورمانلىق، بىر ئىپتىدائىي ئورمانلىق، مەن بۇ ئورمانلىقتا يولدىن ئېزىپ قالدىم. مەن ياردەمگە موھتاج، مەن كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلارغا موھتاج، مەن بىر ئۇستازغا موھتاج، ئىتائەت قىلىش نېمىدېگەن خۇشاللىق ـ ھە ! مۇبادا، مەن بىر تاغ چوققىسىدا يولدىن ئېزىپ قالسام، مۇشۇ تاغدا يول كۆرسىتىپ بەرگەن ئادەمگە ئىتائەت قىلغان بولاتتىم؛ ناۋادا، مەن كېسەل بولۇپ قالسام دوختۇرغا ئىتائەت قىلغان بولاتتىم؛ ناۋادا، مەن ئەخلاق قارىشىدا مېنى رىغبەتلەندۈرەلەيدىغان كىشىگە ئۇچراپ قالسام ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنى خالايتتىم، ئۇنىڭغا ئەگىشەتتىم؛ ئەمما، مەن بىرىنىمۇ ئىزدەپ تاپالمىدىم، ھېچقانداق ئوقۇغۇچىنى تاپالمىدىم، ئۇستازنى تېخىمۇ تاپالمىدىم ... يەككە ـ يېگانە ھالدا يالغۇز قالدىم.» سىڭلىسى يەنە ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئۆزىنى بىلگەن... ئۇنىڭ ئۆزىنى بىلگەن... ئۇنىڭ ئەتىۋارلىق ئۇنۇنۇشقا قايتىپ بېرىش تەكلىپىنى تىلغا ئېلىپ، ياشلارنىڭ ئۇنىڭ پەلسەپىسىنى ئاڭلايدىغانلىقىنى ئېيتتى، «ياشلار نېمىدېگەن ھاماقەت، ـــ دېدى نىچشى جاۋاب بېرىپ، ـــ پىروفېسسورلار ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ ! بۇنىڭدىن باشقا

گېرمانىيىدىكى بارلىق ئۇنىۋېرسىتېتلار مېنى چەتكە قاقتى، مەن نەگە بېرىپ دەرس ئۆتمەن؟» «سيۇرىخقا بارغىن، — دېدى سىڭلىسى، — مەن چىداشلىق بېرەلمەيدىغان شەھەر پەقەت بىرلا، ئۇ ۋېنېتسىيە»

نىچشې ۋېنېتسىيىدىمۇ خۇشاللىق ھېس قىلالمىدى. كۈچلۈك قۇياش نۇرى ئۇنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەن كۆرۈش نېرۋىسىغا زىيان قىلدى. ئۇ ھەر كۈنى ئۆزىنى دېرىزىسى ھەم ئېتىلگەن ئۆينىڭ ئىچىگە قاماپ قويۇشقا مەجبۇر بولۇپ، سىرتتىكى يېقىملىق باھار كۈنلىرىنى كۆرەلمىگەنلىكىگە ئەپسۇسلاندى. بەختكە يارىشا، ئۇ ناھايىتى تېزلىكتە كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان بىر خەۋەرگە ئىگە بولدى؛ رودې لېيپسىگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورلۇقىغا تەيىنلەنگەنىدى. نىچشې خۇشال ھالدا رودېغا بىر پارچە تەبرىكلەش خېتى يازدى. ئۇ مەغرۇرلانغان ھەم ئۆزىنى مەسخىرە قىلغان ھالدا كاستېيغا: « نۆۋەتتە پەلسەپە ئىنستىتۇتىدىكى پروفېسسورلارنىڭ تەڭدىن تولىسى مېنىڭ ( ياخشى دوستلىرىم )، يەنى كاينىڭ، ھېيزى، لېسكىيېن، ۋىندىك، رودې قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپتى» دېدى. ئۇ قەدىناس دوستلىرىنىڭ دەرسىنى ئاڭلاپ بېقىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىشنى رەت قىلغان نەشرىيات سودىگەرلىرى بىلەن سۆزلىشىپ بېقىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

ئۇ ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن رودېنىڭ تۇرالغۇسىغا كەلدى، لېكىن كۈنلىرىنى ئالدىراش ئۆتكۈزۈۋاتقان رودې ئۇنى سوغۇق كۈتۈۋالدى. ئۇ ئامالسىز تاپشۇرۇۋالغان «زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ» ناملىق ئەسەرگە ئاشكارا ھالدا تاقەت قىلالماي قالغانلىقىنى بىلدۈردى. « مەن سۆزۈڭنى ئاڭلىماقچى» دېدى نىچشې. شۇنداق قىلىپ، رودې ئۇنى بىر توپ ياشلار يىغىلغان ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۇلار نىچشې توغرىسىدا ھېچنېمىنى بىلمەيتتى. نىچشې رودې بىلەن ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنى تەپسىلىي

ئاڭلىدى. ئاندىن ئۇلاردىن ئايرىلدى. بۇ ئۇلارنىڭ قىسقا، ئاخىرقى يۈز كۆرۈشۈشى ئىدى.

نىچشې ھەر خىل نەشرىيات سودىگەرلىرىگە ئەسىرىنى ئەۋەتتى، لېكىن بىرەرسىمۇ ئۇنىڭ ئەسىرىنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىدى. ئۇنىڭ تەكەببۇر غۇرۇرى بۇنداق مۇئامىلىگە بەرداشلىق بېرەلمىدى، ئاخىر ئۆزى ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن ئايانماي، بېسىش ھەققىنى ئۆزى ئۈستىگە ئېلىشنى قارار قىلدى. ئۇ نانبۇرگتا ئاپىسى بىلەن بىرنەچچە ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن، يەنە سەرسانلىق سەپىرىگە قەدەم قويدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، گېرمانىيىگە قايتىپ كەلمىدى. ئۇنىڭ ۋەتىنىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ مەڭگۈ سۈرگۈن قىلىنغان يىلتىزسىز بىر سەرگەردان ئىدى.

« ياخشىلىق بىلەن يامانلىق » ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكى بەزى مەشھۇر ئەربابلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. لېكىن، بۇ كەم دىدار بولغان ماختاشنى ناھايىتى تېزلىكتە يامان غەرەز بىلەن قىلىنغان تەنقىد بېسىپ كەتتى. شۋېتسارىيىلىك بىر ئوبزورچى ۋىيدىمان: «نىچشېنىڭ بۇ ئەسىرىدىن پەقەت ھۆكۈمەتسىزلىكنىڭ قىبلىنامىسىنىلا كۆرگىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈمىدسىز قەلبىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تەنقىدكە ئۇچراش ھېچكىمنىڭ كارى بولماسلىقىغا قارىغاندا ياخشىراق» دېدى. نىچشې دەرھال تۇتۇش قىلىپ قىسقىغىنا 15 كۈندە «ئەخلاق نەسەبنامىسى» دېگەن تېمىدا ئۈچ پارچە ئوبزور يېزىپ قايتۇرما زەربە بەردى.

1887 ـ يىلى ئۆكتەبىردە نىچشې نىسساغا قايتىپ كەلدى. بۇ جايدا ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا بۇرۇلۇش يۈز بەردى. ئۇ ئالاقە قىلىۋاتقانلىقىغا ئۇزاق بولغان قەدىناس دوستى رودېدىن ئايرىلىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر يېڭى دوست ــ دانىيىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئوبزورچىسى گېئورگىي برانكىس بىلەن تونۇشۇپ قالدى.

نىشچىنىڭ بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىۋاتقان دوستلىرى ئىچىدە ئۇ باشتىن ـ ئاخىر ياخشى كۆرىدىغان ۋە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كېلىۋاتقىنى رودې ئىدى. لېكىن، ئۇلار ئاخىرقى قېتىملىق كۆڭۈلسىز ئۇچرىشىشتىن كېيىن، بۇرۇنقىغا ئوخشاش بىر ـ بىرىنى چۈشەنمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقانىدى. ئۇلار بۇلتۇر ئەتىيازدىن باشلاپ خەتلىرىدە پەيدىنپەي تالاش ـ تارتىشنى باشلىدى. ئۇ ۋاقىتقا كەلگەندە ئىختىلاپ چېكىگە يەتتى. دەسلەپتە ئۇلار بەزى كىشىلەر ۋە ئىشلار ئۈستىدە ئوخشاش بولمىغان قاراشتا ئىدى ھەمدە ئۆزئارا زىيان يەتكۈزىدىغان غەرەزمۇ يوق ئىدى. « مەندىن يېنىكلىك بىلەن ئايرىلىپ كەتمىگىن، — نىچشې رودېغا يېڭى ئەسىرى (ئەخلاق نەسەبنامىسى) نى ھەدىيە قىلغان چاغدا شۇنداق دېگەنىدى، — مەن بۇنداق ياشتا، بۇنداق يالغۇزچىلىقتا، ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى ئىشەنچلىك، سانى كۆپ بولمىغان دوستلىرىمدىن ئايرىلىپ قېلىشقا مىڭ تەستە بەرداشلىق بەردىم.» لېكىن ئۇلارنىڭ بارغانسېرى كەسكىنلەشكەن تالاش ـ تارتىشى ئاخىر كۆپ يىللىق ئىككى يېقىن دوستنى ئۆز سەنىمىگە دەسسەتتى.

گېئورگىي برانكىس نىچشې ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلغان «ئەخلاق نەسەبنامىسى»نى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن بىر پارچە تەسىرلىك جاۋاب خەت يازدى.

« سىزنىڭ كىتابىڭىزدىن مەن بىر خىل يېڭى ئىدىيىنىڭ پۇرىقىدىن نەپەس ئالدىم، — دەپ يازدى برانكىس، — گەرچە مەن سىزنىڭ كىتابىڭىزدا يازغان بارلىق مەزمۇنلارنى تولۇق چۈشەنمىسەممۇ شۇنداقلا سىزنىڭ مۇددىئايىڭىزنى دەرھال ئاڭقىرالمىساممۇ، ئەمما سىزنىڭ نۇرغۇن كۆزقاراشلىرىڭىز مېنىڭ ئويلىغانلىرىم ۋە ھېس قىلغانلىرىم بىلەن بىر يەردىن چىقتى. سىزگە ئوخشاش، مەنمۇ زاھىتلىق غايىسىگە دەككە بېرىمەن ھەمدە دېموكراتىك چاكىنا كىشىلەردىن قاتتىق نەپرەتلىنىمەن. سىزنىڭ ئاقسۆڭەكلەرچە رادىكاللىق

ئىدىيىڭىزنى قوللايمەن. ئەمما، سىزنىڭ ئەخلاقتا ئىچىنغان ئاشۇنداق كەمسىتىشىڭىزنى قىلچە چۈشىنەلمىدىم ...

مەن سىزنى پەقەت بىلمەيمەن، ھەقىقەتەن سىزنىڭ بىر پروفېسسور ئىكەنلىكىڭىزنى ئويلىمىغانىدىم. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىزنى ئىدىيە جەھەتتىكى پروفېسسورلۇق لەززىتى تۇگەپ كەتكەن دەپ ھېسابلاپ، سىزگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن ... سىز مەن بىلەن سۆھبەتلىشىشنى ياقتۇرىدىغان ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ بىرى.»

نىچشېنىڭ يالغۇز كىشىلىك ناخشىسىدا ئاخىر ئەكس سادا يارلىققا كەلدى! لېكىن، ئۇنىڭ كۆتكىنىگە ئۇزۇن بولغان ھەددىدىن زىيادە چارچىغان قەلبى ھېچقانچە خۇشاللىققا ئىگە بولالمىدى. ئەگەر ئۇبلاموس، داننا قاتارلىق بىر تۈركۈم ئاتاقلىق كىشىلەرنىڭ ئىنتايىن زور قىزىقىش بىلەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى بىلگەن بولسا، ئېھتىمال ئۇ تېخىمۇ چوڭ تەسەللىي تاپالىغان بولاتتى. مەيلى قانداق بولسۇن، برانكىس ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا بۇرۇلۇش ئەكەلدى. 1888 ـ يىلى ئاپرېلدا برانكىس نىچشېغا خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ كوپېنھاگېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا نىچشېنىڭ ئىدىيىسىنى تونۇشتۇرماقچى بولغانلىقىنى ئۇقتۇردى. «مەن ھاڭ ـ تاڭ بولغان ھالدا بىر خىل ئادالەتسىزلىكنى ھېس قىلدىم، ــ دەپ يازدى فرانكىس، ــ سكاندىناۋىيە رايونى سىز توغرۇلۇق ھېچنېمىنى بىلمەيدىكەن، مەن بۇ جايدىكى كىشىلەرگە سىزنى بىلدۈرمەكچىمەن. سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىز توغرىسىدا بىر لېكسىيە ئېچىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىمەن.» كېيىن ئۇ نىچشېغا لېكسىيىنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلدى. بىرىنچى قېتىملىق لېكسىيىگە تەخمىنەن 150 ئاڭلىغۇچى قاتناشتى، مۇھىم بىر گېزىت خەۋەر قىلدى؛ ئىككىنچى قېتىملىق لېكسىيىگە 300 نەچچە ئاڭلىغۇچى قاتناشتى. ياۋروپانىڭ نىچشېنى چۈشىنىشى دەل برانكىسنىڭ

تونۇشتۇرۇشىغا پايدىلىق ئىدى، شۇنىڭدىن كېيىن نىچشې كىشىلەرنى جەلپ قىلىشقا ۋە ئاستا - ئاستا نامى چىقىشقا باشلىدى. 19 - ئەسىردىن كېيىن دۇنيادا شۆھرەت قازىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ۋەتىنىمۇ ئاخىر كۆمۈلۈپ قالغىنىغا ئۇزاق بولغان بۇ تالانت ئىگىسىنى بايقىدى ۋە ئېتىراپ قىلدى. ئەمما، بۇلارنىڭ ھەممىسى بەك كېچىكىپ بولدى. ئەڭ قەيسەر ئىرادىمۇ بىر ئۆمۈر كۈتۈپ تۇرۇشقا چىدىماسلىقى مۇمكىن. ھايات ۋاقتىدىكى يەككە - يېگانىلىك بىلەن ئۆلگەندىن كېيىن ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن شان - شۆھرەت ئوتتۇرىسىدىكى غايەت زور ئەكس پەرق كىشىنى خۇرسىندۇرماي قويمايدۇ: نىچشېنىڭ ئۆزى بۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تراگېدىيە ئىدى. گەرچە ئۇ بىر ئۆمۈر داۋاملىق ھالدا ئۆزىگە ئۆزى مەدەت بېرىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ كۆتۈرۈشچانلىق تارىسى بەك چىڭ تارتىلىپ كەتتى ھەم بەك ئۇزاققا سوزۇلدى.

بىر پەيلاسوپ سۈپىتىدە نىچشې يەككە - يېگانىلىككە موھتاج ئىدى. لېكىن، بۇ باشقىلارنىڭ چەتكە قېقىشىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىشىنىلا كۆرسىتەتتى. ئۇزاق يىللار داۋامىدا يالغۇز ياشاش، زېرىككەشلىك يىللار ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا روشەن ئىزنالارنى قالدۇرۇپ، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى سالامەتلىكىنى قاتتىق نابۇت قىلدى. 1887 - يىلى سېنتەبىردە ئايرىلغىنىغا 14 يىل بولغان دوستى دوئېسىن ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ئۇنى يوقلىدى. ئۇلار ئۇنى دەماللىققا تونۇيالماي قالدى: « شۇنچە يىللار ئىچىدە ئۇنىڭدا نېمىدېگەن زور ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن - ھە ! ئۇنىڭدا بۇرۇنقى مەغرۇر يۈرۈش - تۇرۇش، چاققان قەدەم، راۋان پاراڭلىشىشتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى؛ دەلدۈشتەك تەستە ماڭىدىغان بولۇپ، بەدىنى دەرمانسىزلىقتىن بىر تەرەپكە دائىم قىيسىيىپ قالغانىدى. گەپ - سۆزىمۇ مىس - مىس بولۇپ، دائىم توختاپ قالاتتى» نىچشې ئۇلارنى باشلاپ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان تاغ جىلغىسىغا يانداش بىر پارچە ئوتلاققا ئەكەلدى ۋە

ئاسماننى كۆرسىتىپ غەمكىن هالدا: «سۆيۈملۈك دوستلىرىم، ئەگەر مەن ئۆزۈمنىڭ ئىدىيىسىنى مەركەزلەشتۈرمەكچى بولسام، كۆك ئاسمان مېنىڭ بېشىمدا بولۇشى كېرەك» دېدى. ئارقىدىنلا يەنى تاغ بۇلاقلىرى شاۋقۇن سېلىۋاتقان بوشلۇققا قاراپ: «مەن بۇ جايدا يېتىشنى بەك ياخشى كۆرىمەن، بۇ جايدا ئۆزۈمنىڭ ئەڭ ياخشى پىكرىنى تەييارلايمەن» دېدى. ئايرىلىدىغان چاغدا، نىچشې ئۆلارنى قوشنا كەنتكىچە ئاپىرىپ قويۇپ، كۆزىگە ياش ئالغان هالدا ئۆزىنىڭ غەم ئىچىدە قالغانلىقىنى ئىپىتىپ بەردى.

1888 ـ يىلى نىچشېنىڭ ئىجادىيىتى تۇيۇقسىز پەللىگە كۆتۈرۈلدى. ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن «مەبۇدلارنىڭ زاۋالى»، «ۋاگنېر ۋەقەسى»، «نىچشېنىڭ ۋاگنېرغا قارشى تۇرۇشى»، «خرىستىئانلارغا قارشى» دېگەن تۆت پارچە كىتابچە يازدى. ئۇنىڭ ۋاگنېرنى تەنقىد قىلىشى ئەمەلىيەتتە ئۇنى رومانتىك ئۇمىدسىزلىكنىڭ تىپى قىلىپ تەنقىد قىلىش ئىدى. نىچشېنىڭ ۋاگنېرنى تەنقىد قىلىشى بىر خىل ئۆزىنى ئۆزى تەنقىد قىلىش دېيىشكىمۇ بولىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ خاتالىقى ئۈستىدە كۆچلۈك ئويلىنىش روھىغا ئىگە، ئۇ ۋاگنېرنى تەنقىد قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن.

ئۇ مىسكىن بولغاچقا، رومانتىك ئۇمىدسىزلىكنى تەنقىد قىلغان؛ تېخى ئاجىز كېسەلچان بولغاچقا، ساغلام ۋە قەيسەر بولۇشنى ئارزۇ قىلغان. ئۇنىڭ پەلسەپىدىكى زىددىيىتى ئەمەلىيەتتە دەل قەلبىدىكى توقۇنۇشنىڭ ئەكس ئېتىشى ئىدى.

15 ـ ئۆكتەبىر نىچشېنىڭ 43 ياشقا كىرگەن كۈنى ئاپىسىنىڭ يوللىغان سالىمىنى تاپشۇرۇۋالدى، ئۇ غېرىبلىق ئىچىدە ئىچى تىتىلداپ ئىنتايىن قاتتىق ئازابلاندى. ئۇ تەرجىمىهالى «قاراڭ، بۇ ئادەمگە»نى يېزىشقا باشلاپ بۇ ئەسەرنى ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنىڭ سوۋغىسى قىلدى. بۇ ئېھتىمال ئەڭ كەمتەر بولمىغان بىر تەرجىمىهال بولۇپ، ئۇنىڭ تېمىسىلا كىشىنى چۆچۈتىدۇ: نېمىشقا مەن بۇنداق دانىشمەن، نېمىشقا مەن

بۇنداق ئەقىللىق، نېمىشقا مەن بۇنداق ئۇبدان كىتابلارنى يېزىپ چىقالايمەن... نېمىشقا مەن بۇنداق بەختسىز... بۇ نىچشىنىڭ ئاخىرقى بىر ئەسىرى ئىدى.

نىچشي ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرىنى رەتلەشكە باشلىدى. لېكىن، ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئاپتورلۇق ھەققىدىن بىر تىيىنغىمۇ ئىگە بولمىدى. ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ يازغۇچىلىق كەسپى ئۈچۈن نەشرىيات سودىگەرلىرىگە 3000 فرانك تۆلىدى، ھەتتا بۇنىڭ ئۈچۈن 4000 مارك قەرزگە بوغۇلدى. شۇ بىر يىلى نىچشي نىسسادا قىشنى ئۆتكۈزگەن چاغدا چىقىمنى تېجەش ئۈچۈن كىچىك ياتاق ئۆيگە ئوتمۇ ياقالماي، سوغۇقتا دائىم دىگۇدەك تىترەپ چىقتى، سوغۇق ھاۋا ئۇنى ئىنتايىن ئازابلىدى. بىچارە نىچشي بىلىم ئۈچۈن بارلىقىنى سەرپ قىلدى.

1888 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن ئىككىنچى يىلىنىڭ باشلىرىغىچە تورىندا تۇردى. ئۇنىڭ دوستلىرى توساتتىن غەلىتە خەتلەرنى، « شاراب ئىلاھى »، « خۇدا »، «كرېستقا مىخلانغان ئادەم» دەپ ئىمزا قويۇلغان خەتلەرنى تاپشۇرۇۋالدى، خەتتە سەۋدايىلارچە گەپ ـ سۆزلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن گېرمانىيىنىڭ زومىگەرلىكى ۋە يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇشقا بولغان نەپرەتلىنىشىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: « مەن ھازىرلا گېرمانىيىگە قارشى ئىتتىپاق تۈزۈش ئۈچۈن ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئوردىلارغا ئەۋەتىدىغان بايانىنامە تۈزۈپ چىقتىم. مەن بىر تۆمۈر كىيىم بىلەن بۇ (ئىمپېرىيە) نى ئوراپ، ئۇنى بىر مەيدان ئۈمىدسىز ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا قۇترىتىشنى ئويلىدىم. مېنىڭ تېخى ئاشۇ ياش ئىمپېراتور ۋە ئۇنىڭ قولچوماقلىرىنى قولغا ئالمىغۇچە، بوش ۋاقتىم يوق»، «يەھۇدىيلارغا قارشى بارلىق ئۇنسۇرلارنى يوقىتايلى.»

1889 ـ يىلى 3 ـ يانۋار نىچشي تورىنىنىڭ كوچىلىرىدا كېتىۋېتىپ بىر پەيتۇنچىنىڭ ئېتىنى ۋەھشىلىك بىلەن

ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىدى ـ دە، نېرۋىسى ئاجىز بۇ پەيلاسوپنىڭ يۈرىكى چىدىمايلا قالىدى. ئۇ ھەم كولۇپ، ھەم ۋارقىراپ، ئېچىنغان ھالدا ئېتىلىپ بېرىپلا ئاتنىڭ بوينىنى قۇچاقلىغىنىچە ھوشىدىن كەتتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئوفېبېك كېلىپ ئۇنى ئەكەتتى ھەمدە بازېلدىكى روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىدا ياتقۇزدى.

تەنھالىق ئۇنى سەۋدايىي قىلىپ قويدى، ئۇ ئاخىر سەۋدايىلىق ئىچىدە تەنھالىقتىن قۇتۇلدى. دوختۇرنىڭ كېسەل تارىخى دەپتىرىدە مۇنداق خاتىرىلەنگەن.

« ... ناتوغرا كېسەللىك سىزىمى مېنى ناھايىتى ياخشى بىر ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويدى، ئۆزۈمچە خوش بولدۇم. كېسەل بولغان سەككىز كۈندىن بۇيان بېشىم دائىم قاتتىق ئاغرىۋاتىدۇ ... كوچىدىكى بارلىق كىشىلەرنى قۇچاقلاشنى ۋە سۆيۈشنى ئەڭ ياخشى كۆرىمەن ...»

نىچشىنىڭ نېرۋىسى بۇزۇلۇش كېسىلى 10 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشتى. 1897 ـ يىلى ئاپىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، تۇل خوتۇن بولۇپ قېلىپ پاراگۋايدىن قايتىپ كەلگەن سىڭلىسى ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى ئۈستىگە ئالدى. ئېلىزابېتا ئاكىسىنى ۋېيماردىكى بىر تۇرالغۇغا كۆچۈرۈپ كەلدى. كۆپ ئۆتمەي، نىچشىنىڭ كۈنسايىن نامايان بولۇۋاتقان شان ـ شۆھرىتىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاكىسىنىڭ پۈتۈن قولىيازما، خاتىرە ۋە خەت ـ چەكلىرىنى نەشر قىلىش ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نىچشىنىڭ تەرجىمىھالىنى يېزىش پىلانىنى تۈزۈۋاتقان كاستېننى ئۆكتەملىك بىلەن توختىتىپ قويۇپ، ئاكىسى ئۈچۈن ئۆزى تەرجىمىھال يازىدىغان بولدى. ئۇ نىچشى پەلسەپىسى ۋە تۇرمۇشىنى خالىغانچە بۇرمىلىدى ۋە زىيانغا ئۇچراتتى. بۇنىڭدىن نىچشىنىڭ قىلچە خەۋىرى يوق ئىدى.

1900 ـ يىلى 25 ـ ئاۋغۇست نىچشىنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ

قالغان ئاخىرقى كۈنى ئىدى. ئۇنىڭ بۇزۇلغان ئەقلىنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولمايتتى. لېكىن، قەلبى مېھرىبان ھەم مۇلايىم ئىدى. ئۇ كۆزلىرىدىن ياش ئېقىپ تۇرغان سىڭلىسىغا قاراپ: «ئېلىزابېتا. سەن نېمىشقا يىغلايسەن؟ بىز بەختلىك ئەمەسمۇ؟» دېدى.

كېيىن ئېلىزابېتا نىچشېنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ئەھۋالىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «1900 ـ يىلى 20 ـ ئاۋغۇست ئاكام تۇيۇقسىز زۇكام بولۇپ قالدى. ئارقىدىنلا قىزىتمىسى ئۆرلەپ، نەپەس ئېلىشى قىيىنلاشتى، ئۆپكە ياللۇغى باردەك قىلاتتى. ئىخلاسمەن دوختۇر ئۇنىڭ ئازابىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تۈگەتمەكچى بولدى؛ لېكىن، ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش قولىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدى. 24 ـ ئاۋغۇست چۈشتە، ئاكام بىلەن مەن بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ ئولتۇردۇق. ئۇنىڭ قىياپىتى تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ، كېسىلى قاتتىق قوزغىلىپ كەتتى. ئاكام ئاخىر سېزىمىنى يوقىتىپ يىقىلىپ چۈشتى. بۇ چاغدا قورقۇنچلۇق قارا يامغۇر يەر ـ جاھاننى قاپلىدى. ئۇ خۇددى ئېسىل روھقا ئوخشاش، چاقماق چېقىشىغا ئەگىشىپ جەننەتكە كىرىپ كەتتى، قاش قارايغان چاغدا ئۇ نەپەس ئالدى، سېزىمىدىمۇ ئەسلىگە كېلىش ئالامەتلىرى كۆرۈلدى. بىرنېمە دېمەكچى بولغاندەك قىلاتتى. ئەتىسى تاڭغا يېقىن سائەت 2 دە مەن ئۇنى ئازراق بىرنەرسە يېيىشكە تەكلىپ قىلدىم، ئۇ مېنى كۆرگەندەك قىلدى ۋە ماڭا لامپا شېشىسىنى بىر چەتكە يۆتكەپ قويۇشقا ئىشارەت قىلىپ، خۇشاللىق بىلەن مېنى، ئېلىزابېتا، دەپ چاقىردى. پۈتۈن قەلبىم خۇشاللىققا تولۇپ، ئەمدى ئاكامنىڭ خەتەرلىك ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى، دەپ ئويلىدىم. كېيىن ئۇ ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئۇخلىدى. مەن توختىماي ئىبادەت قىلدىم. لېكىن، بۇنىڭ مەڭگۈلۈك ئويقۇ بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.

لېكىن، ئاشۇ ئېسىل چىراي تۇيۇقسىز باشقىچە تۈس ئالدى.

ئۇ يەنە بىر قېتىم يوغان، نەمخۇش كۆزلىرىنى ئاچتى ... ئۇ تەمكىن، غەم ـ قايغۇسىز ھالدا ئەتراپقا سورلۇك نەزەر تاشلىدى، ئاندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا مەڭگۈلۈك كۆز يۇمدى.»

ئەتىسى نىچشې يۇرتى روكىنىدىكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## نىچشې يىلنامىسى

1844 ـ يىلى 15 ـ ئۆكتەبىر لېيپسىگ ئەتراپىدىكى روكىن كەنتىدە تۇغۇلغان.

1849 ـ يىلى ئېيۇل دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەن، ئائىلىسى نانبۇرگقا كۆچۈپ كەتكەن.

1858 ـ يىلى ئۆكتەبىر نانبۇرگ ئىجتىمائىي پەنلەر ئوتتۇرا مەكتىپى پفودا مەكتىپىدە ئوقۇغان.

1864 ـ يىلى ئۆكتەبىر بونن ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئىلاھىيەت ۋە كلاسسىك فىلولوگىيە ئۆگەنگەن.

1865 ـ يىلى ئۆكتەبىر لېيپسىگ ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكىلىپ، تۇنجى قېتىم شوپېنخاۋېرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان.

1868 ـ يىلى نويابىر رىخارد ۋاگنېر بىلەن لېيپسىگتا تونۇشقان.

1869 ـ يىلى فېۋرال بازېل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپى بىلەن كلاسسىك تىلشۇناسلىق پروفېسسورى بولغان.

1869 ــ 1872 ـ يىللىرى تۇنجى ئەسىرى «تراگېدىيىنىڭ مەيدانغا كېلىشى» نى يازغان.

1870 ـ يىلى ئاۋغۇست پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشىغا قاتناشقان.

1873 ــ 1876 ـ يىللىرى « زاماننىڭ تەلىپىگە ماس كەلمەيدىغان تەكشۈرۈش» نىڭ بىرىنچى قىسمىدىن تۆتىنچى قىسمىغىچە يازغان.

1876 ـــ 1879 ـ يىللىرى «ئادىمىيلىك، زىيادە ئادىمىيلىك» نى يازغان.
1878 ـ يىلى ۋاگنېر بىلەن ئادا ـ جۇدا بولغان.
1879 ـ يىلى كېسەللىكى ئېغىرلىشىپ، بازېل ئۇنىۋېرسىتې ـ تىدىكى خىزمىتىدىن ئىستېپا بەرگەن.
ئىتالىيە، فرانسىيە، شۋېتسارىيە ۋە گېرما ـ نىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى ساياھەت قىلغان.
1880 ـــ 1881 ـ يىللىرى «تاڭ نۇرى» دېگەن ئەسەرنى يازغان.
1881 ـــ 1882 ـ يىللىرى «خۇشاللىقتىكى ئەقىل ـ پاراسەت» ناملىق ئەسەرنى يازغان.
1883 ـــ 1885 ـ يىللىرى «زورۇئاستېر شۇنداق دەيدۇ» ناملىق ئەسەرنى يازغان.
1883 ـــ 1885 ـ يىللىرى «ياخشىلىق بىلەن يامانلىق» ناملىق ئەسەرنى يازغان.
1886 ـ يىلى ئېلىۋېن رودې بىلەن ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشكەن.
1887 ـ يىلى «ئەخلاق نەسەبنامىسى» دېگەن ئەسەرنى يازغان.
1888 ـ يىلى «ۋاگنېر ۋەقەسى»، «مەبۇدلارنىڭ زاۋالى»، «خرىستىئانلارغا قارشى»، «نىچشېنىڭ ۋاگ ـ نېرغا قارشى تۇرۇشى» ۋە «قاراڭ، بۇ ئادەمگە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.
1889 ـ يىلى يانۋار تۇرىندا نېرۋىسى ئېلىشىپ قالغان.
1897 ـ يىلى پاسخا بايرىمىدا ئاپىسى ئالەمدىن ئۆتكەن. سىڭلىسى بىلەن ۋېيمارغا كۆچۈپ بارغان.
1900 ـ يىلى 25 ـ ئاۋغۇست نىچشې ۋېيماردا ئالەمدىن ئۆتكەن.

[General Information]
书名=超载毁灭—尼采　维吾尔文
SS号=40256064